1997
3

ETHNICUNITY • ETHNICUNITY

# مىللەتلەر ئىتتىپاقى



## قەدىردان يولداش دېڭ شياۋپىڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ھايات

- دېڭ شياۋپىڭ: «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ناھايىتى مۇھىم»
- سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق ــ تەرەققىيات ئىشلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرەيلى.
- مىللەتنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتە ئاتا - ئانىلارنىڭمۇ بۇرچى بار
- ئامېرىكا تەسىراتلىرى (ساياھەت خاتىرىسى)
- ئۇ ھامان قەلبىمنىڭ ھۆرمەت تۆرىدە

ISSN 1002-9184
05>
9 771002 918006

## جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت

# ئەزىمەتلىرى

بايىر فوتوسى



ئىسمائىل ئەھمەد 1935 - يىل 9 - ئايدا تۇغۇلغان، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ جىرا ناھىيىسىدىن، ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11 - نۆۋەتلىك، 12 - نۆۋەتلىك، 13 - نۆۋەتلىك، 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتلىرىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى، جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان، 1986 - يىلدىن ھازىرغىچە دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى بولدى، ھازىر جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، قوشۇمچە دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى.

# مۇھەررىردىن تەۋسىيە

**بىز ھەممىدىن ياخشىنى تاللاپ بولالمايمىز،**

**ھەممىدىن ياخشىسى بىزنى تاللىسۇن.**

**«مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ناھايىتى مۇھىم»** دېگەن بۇ سۆھبەتتە، يولداش دېڭ شياۋپىڭ پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتىدە تەكىتلىنىدىغان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى داھىيانە سۈپەت بىلەن شەرھلىگەن. بىز قەدىردان يولداش دېڭ شياۋپىڭنى چىن قەلبىمىزدىن ياد ئېتىمىز ۋە يۇقىرىقى داھىيانە سۆزىدىن ئىنتايىن زور ئىلھام ئالىمىز؛

پارتىيە 14 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ **«قارارى»** دا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقى، شۇنىڭدەك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكى تولۇق تەكىتلەنگەن. 56 مىللەت ئوغۇل ـ قىزلىرى بىرلىكتە ياشاپ كېلىۋاتقان كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىمىزدە 6 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى جەھەتتىكى روھىنى ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش ھەممىمىزنىڭ بۇرچى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا چىڭ تۇرۇشىدىكى ئىدىيىۋى شەرت ھېسابلىنىدىغان ماركسىزملىق مىللەت قارىشىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى نېمە؟قانداق قىلغاندا ئۇنى توغرا چۈشەنگىلى ۋە توغرا ئىجرا قىلغىلى بولىدۇ؟ ھەممىمىز كۆڭۈل بۆلىدىغان بۇ مەسىلىگە تولۇق چۈشەنچە ھاسىل قىلاي دېسىڭىز، بۇ ساندا ئېلان قىلىنغان دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن مۇدىرى چېن خۇڭنىڭ **«سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرەيلى»** دېگەن ماقالىسىنى ئوقۇپ چىققايسىز.

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش داغدۇغىسى بارغانسېرى ئەۋج ئېلىۋاتقان جۇڭگودا زېمىنىنىڭ 1997-يىللىق مەنزىرىسى كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولماقتا: ئالىملارنىڭ سۆھبەت تېمىسى ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىم رايونلارغا يۆتكىلىش ھەققىدە بولماقتا، ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىم رايونلاردىكى بايلىق ئۈستۈنلۈكى، ئەمگەك كۈچى بايلىقى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئۈستۈنلۈكى شەرقىي قىسىم رايونلاردىكى پۇلى بارلارنى جەلپ قىلماقتا. ئەمدى ئالدىمىزدا يەنە قانداق مەنزىرىلەر بارلىققا كېلەركىن؟ بۇنىڭ ئۈچۈن، **«1997 ـ يىلنىڭ مەنزىرە لىنىيىسى بويىچە زىيارەت»** دېگەن ماقالىگە نەزەر ئاغدۇرغايسىز.

ۋەتىنىمىزنىڭ غۇنچىلىرى،كەلگۈسىنىڭ ئۈمىدىۋە ئىشلىرىمىزنىڭ ۋارىسى بولغان ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلەش پۈتۈن جەمئىيەتنىڭمۇ، مەكتەپنىڭمۇ، ئاتا ـ ئانىلارنىڭمۇ مۇقەددەس بۇرچى ۋە مەسئۇلىيىتى بولغانىكەن، ئۇلارنى ياراملىق قىلىپ تەربىيىلەش چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدىغان مۇھىم تېما ھېسابلىنىدۇ. مەزكۇر سان ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان **«ئۈمىد شامى خىرەلەشمىسۇن»**،**«مىللەتنىڭ ساپاسىنى ئۈستۈرۈشتە ئاتا ـ ئانىلارنىڭمۇ بۇرچى بار»** دېگەن ماقالىلەردە بۇ مەسىلىلەر مەلۇم نۇقتىدىن تەتقىق قىلىنغان.باللارنى تەربىيىلەشتە سىزنىڭ يەنە قانداق كۆز قاراشلىرىڭىز باردۇ؟ئۇ ماقالىلەردىن قانداق ئىلھاملارنى ئالارسىز؟ بۇ ماقالىلەرنى نەزەرىڭىزدىن ساقىت قىلمىغايسىز!

پەيزاۋات ۋە ئاتۇش خەلقى يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچراپ مال ـ مۈلۈك ۋە روھىي جەھەتتىن چىدىغۇسىز زور زىيانلارغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، قەتئىي بوشاشماي ئاپەتكە قارشى قەيسەرانە كۈرەش قىلماقتا. بىز **«مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى»** ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىكى بارلىق يولداشلار ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقتىن سەممىي ھال سورايمىز. كۆڭلىمىزنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن، پەيزاۋاتتىن كەلگەن **«خارابىلىقتا ياڭرىغان كۈيلەر»** دېگەن بۇ شېئىرنى ئېلان قىلدۇق.

شياڭگاڭنىڭ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز قوينىغا قايتىپ كېلىشى بارغانسېرى رېئاللىققا يېقىنلاپ كېلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ھەممىمىز تەنتەنە خۇشاللىقى ئىچىدە ئۇنىڭ ھازىرى ۋە كەلگۈسىگە قىزىقىمىز، بولۇپمۇ ئۇنىڭ مىللەت مەسىلىسى ھەققىدە كۆپرەك خەۋەر بىلگۈمىز كېلىدۇ. ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ سانىغا بېرىلگەن **«شياڭگاڭدىكى مىللەتلەر مەسىلىسىگە بولغان قاراشلىرىم»** دېگەن ماقالىدىن مۇشۇ جەھەتتىكى قىزىقىشىڭىزغا مەلۇم دەرىجىدە جاۋاب تاپالايسىز.

بۇ ساندىكى **«گۈلدەستە»** سەھىپىمىز ئۆز نىڭ قىسقىلىقى ۋە پىكرىنىڭ ئويناقلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدىغان **«ئۈچ باسقۇچلۇق نەتىجە»** دېگەن ھېكايە ۋە **«ئومۇچۇكنىڭ ھەسەتخورلۇقى»** دېگەن مەسەلنى ئوقۇرمەنلىرىمىز ھۇزۇرىغا سۇندى.

# مۇندەرىجە


## ژۇرنىلىمىزنىڭ ئالاھىدە ماقالىسى

دېڭ شياۋپىڭ: «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ناھايىتى مۇھىم»... (4)

سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق ـ تەرەققىيات ئىشلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرەيلى... ............... — دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن مۇدىرى چېن خۇڭ (6)

1997- يىلىنىڭ مەنزىرە لىنىيىسى بويىچە زىيارەت ...جېڭ چيەن (14)

## ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات

مىللىي سودا ئىشلىرى — ۋاز كېچىشكە بولمايدىغان ساھە ........ ........................................ ياڭ دېيىڭ (20)

## مىللىتىم ھەققىدە پارالې

ئۈمىد شامى خىرەلەشمىسۇن .......... مۇھەممەت راخمان (23)

## مۇھاكىمە ۋە تەتقىقات

مىللەتنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتە ئاتا ـ ئانىلارنىڭمۇ بۇرچى بار ........................................ راملە ئابدۇرېھىم (28)

## تۇرمۇشىمىزغا مەسلىھەت

ھاياتتا ... ............................................... (31)

ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ گۈزەل نەرسە — كۈلكە .......... (31)

سەپرالىق سالامەتلىككە زىيانلىق ............................... (31)

## جاھانغا نەزەر

ئامېرىكا تەسىراتلىرى (ساياھەت خاتىرىسى) ...... ئىدرىس بارات (32)

## تۆھپىكارلار

مۇسابىقە ئېلان قىلغان دارۋاز خىرىسقا دۇچ كەلمەكتە ............... ........................................ ۋاڭ بويۈي، لى دادۇڭ (38)

## مىللەت ۋە ئاپتونوم جايلار

چياڭزۇ مىللىتى ۋە ئۇلارنىڭ ئاپتونومىيىلىك جايلىرى ..... (42)



# مىللەتلەر ئىتتىپاقى

دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ باشچىلىقىدا خەنزۇ، موڭغۇل، ئۇيغۇر، قازاق، چاۋشيەن تىللىرىدا چىقىدىغان سىياسىي، ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك ژۇرنال

«مىللەتلەر ئىتتىپاقى»ژۇرناللىرى نەشرىياتى نەشر قىلدى

نەشرىيات باشلىقى، باش مۇھەررىر:
لى جىنچى (مياۋزۇ)

مۇئاۋىن نەشرىيات باشلىقى، مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
ليۇ جىنسو (موڭغۇل)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر:
نيې ۋېنخۇا (خەنزۇ)
ئىدرىس بارات

مۇئاۋىن نەشرىيات باشلىقى:
جاڭ دېكەن (موڭغۇل)

ئۇيغۇرچە نەشرى
(ئومۇمىي 52 ـ سان)
ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى
باش مۇھەررىر: ئىدرىس بارات
تېلېفون: 2834567
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: ياسىن ھاۋازى
تېلېفون: 2837021
نۆۋەتچى تەھرىرلىرى: خەمىت نېغمەت، قەيسەر ئەركىن


ماقالە ئەۋەتىڭ مۇشتىرى بولۇڭ قەدەم تەشرىپ قىلىڭ

# مۇندەرىجە


## 50 سانغا بېغىشلانغان مەخسۇس بەت

ئۇ ھامان قەلبىمىزنىڭ ھۆرمەت تۆرىدە .......... ئوبۇلقاسىم مەتنىياز (44)

## مىللەت ۋە ئۆرپ - ئادەت

شياڭگاڭدىكى مىللەتلەر مەسىلىسىگە بولغان قاراشلىرىم ... چېن جىياۋلىڭ (48)

## دۇنيا مىللەتلىرى

جۇڭگو ــ ئامېرىكا مىللىي مائارىپىنىڭ سېلىشتۇرمىسى ........ يىن لۇچاڭ (52)

## ھەزىل سوئالغا ھەزىل جاۋاب

ئوقۇرمەنلەردىن كەلگەن سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلار ۋە ئوقۇرمەنلەر ھوزۇرىغا سۇنۇلغان سوئاللار ................................ (58)

## كۈلكە خۇرۇچلىرى

چەت ئەل يۇمۇر ۋە لەتىپىلىرى ............................ (60)

## گۈلدەستە

ئۈچ باسقۇچلۇق نەتىجە (مىكرو ھېكايە) ... مۇختار قادىر (62)

ئۆمۈچۈكنىڭ ھەسەتخورلۇقى (مەسەل) ........ ئابلىمىت ئاقيولى (63)

خارابىلىقتا ياڭرىغان كۈيلەر .................. تۇرسۇنجان قاۋۇل (57)

## قىستۇرمىلار

«جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» دېگەن قامۇس كىتاب نەشىردىن چىقىش ئالدىدا ................................ (13)

مەكتەپ دېھقانلىرىنىڭ سىزما رەسىملىرى بېيجىڭدا كۆرگەزمە قىلىندى... (22)

ئۆلۈپ كېتىش پېشىنى ئالدىن مۆلچەرلەشكە بولىدۇ ............... (27)

قەترىلەر ................................................ (51)

## گۈزەل سەنئەت گۈلزارى

مۇقاۋىنىڭ 1 - بېتىدە: قەدىردان يولداش دېڭ شياۋپىڭ ھەرمىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ھايات ...

مۇقاۋىنىڭ 2- بېتىدە: جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت ئەزىمەتلىرى: ئىسمائىل ئەھمەد...سۈرەتنى باير تارتقان

مۇقاۋىنىڭ 3 - بېتىدە: ئەسىر ھالقىيدىغان ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ بۆشۈكى........

مۇقاۋىنىڭ 4 - بېتىدە: چياڭزۇلارنىڭ بېزەكلىرى ..................................






(ئۈرۈمچى جەنۇبىي تىنچلىق يولى 204 - نومۇر 2 - بىنا D ئىشىك)

پوچتا نومۇرى: 830001

«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

تاق ئايلارنىڭ 15- كۈنى نەشىردىن چىقىدۇ

دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئاشكارا تارقىتىلىدۇ

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ

ھەر يىلى 5 - ۋە 10 - ئايلاردا جايلاردىكى پوچتىخانىلار ئارقىلىق مۇشتىرى قوبۇل قىلىنىدۇ

ۋەكالەت نومۇرى: 117 ــ 58


ماقالە ئەۋەتىڭ مۇشتىرى بولۇڭ ــ قەدەم تەشرىپ قىلىڭ

# قەدىردان يولداش دېڭ شياۋپىڭنى چىن قەلبىمىزدىن ياد ئېتىمىز

## دېڭ شياۋپىڭ:

## «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ناھايىتى مۇھىم»

يولداش دېڭ شياۋپىڭ 50 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى غەربىي جەنۇبىي بيۇروسىنىڭ بىرىنچى شۇجىسى بولغانىدى. يۈننەن، گۇيجۇ، سىچۇەنلەر ئاز سانلىق مىللەتلەر مەركەزلىكرەك ئولتۇراقلاشقان رايون ئىدى. سىياسىئون دېڭ شياۋپىڭ ئۇ يەردە رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەشتە ئالدى بىلەن مىللىي مەسىلىنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىش لازىملىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلغانىدى.

بىر كۈنى، يولداش دېڭ شياۋپىڭ فېي شياۋتۇڭنى ئۆز ئىشخانىسىغا تەكلىپ قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلەشتى.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئىدىيىدە سەزگۈر، خىزمەتتە چاققان، گەپ ـ سۆزدە كەسكىن بولۇپ، فېي شياۋتۇڭدىن ئۇدۇللا سورىدى:

ــ سىزنىڭچە، نۆۋەتتىكى مىللىي مەسىلىدە ئاساسلىقى نېمىلەرنى تۇتۇش كېرەك؟

فېي شياۋتۇڭ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەشنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن مۇنداق دېدى:



ــ يەنىلا ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن خەنزۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىنى تۇتۇش كېرەك. ئازادلىقتىن ئىلگىرى، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆز مىللىتى ئىچىدىكى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئېكسپلاتاتسىيىسى ۋە زۇلمىغا ئۇچرىغاندىن باشقا، خەنزۇ ھۆكۈمران سىنىپلىرىنىڭ زۇلمىغىمۇ ئۇچراپ كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار خەنزۇلارغا نىسبەتەن بىزار بولۇش كەيپىياتىدا بولىدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن ئەھۋال پۈتۈنلەي باشقىچە بولدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدىن ئىبارەت بۇ چوڭ ئائىلىدە ھەممە مىللەت باپباراۋەر. لېكىن ھازىر يېڭىلا ئازاد بولغاچقا، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرى بىلەن كەڭ خەنزۇلار ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە تۇرمۇش سەۋىيىسى جەھەتتە پەرق ناھايىتى چوڭ، شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ روھىي ھالىتىدە خەنزۇلارغا بولغان ئارازلىق ھېلىمۇ مەۋجۇت. شۇڭا ئاز سانلىق

# قەدىردان يولداش دېڭ شياۋپىڭنى چىن قەلبىمىزدىن ياد ئېتىمىز

مىللەتلەرنى كومپارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ناھايىتى مۇھىم.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دېگەنىدى: مەسىلىنىڭ نەق تۈگۈنىنى دېدىڭىز. ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن سەل قورقىدۇ، بۇنىڭ دەرۋەقە تارىخىي سەۋەبلىرى بار. چۈنكى، تارىختا ئۆتكەن ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران سىنىپلار چوڭ مىللەتچىلىك سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، مىللىي ئۆچمەنلىكنى كۈچەيتىۋەتكەن. ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ كادىرلىرىمىز ئۆزىنىڭ ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ نەزەرىدىكى خەنزۇلارنىڭ ئوبرازىنى ئۆزگەرتىشى لازىم، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا ئىشلەيدىغان كادىرلارنىڭ ھەممىسى تۆۋەنگە چوڭقۇر چۆكۈپ، ئۇلار بىلەن دوست بولۇشى ۋە ئۇلارغا بىزنىڭ يېڭى خەنزۇلار ئىكەنلىكىمىزنى تونۇتۇشى كېرەك.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئارقىدىنلا سەممىي ھالدا يەنە مۇنۇلارنى دېدى: دەرۋەقە، مىللىي ئارازلىقنى ھەل قىلىش ھەرگىز ئاسان ئىش ئەمەس. خەنزۇلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت پەيدا بولۇپ قالسا، ئالدى بىلەن مەسئۇلىيەتنى بىز ئۈستىمىزگە ئېلىشىمىز كېرەك، ئۆزىمىز ئالدى بىلەن خاتالىقنى تونۇشىمىز كېرەك، ئۆزۈرخاھلىق قويۇشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلغاندا ئاندىن ئۇلارنىڭ كەچۈرۈشىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. مەسىلەن، ئۇزۇن سەپەر مەزگىلىدە، قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرى غەربىي جەنۇبتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدىن ئۆتكەندە ئىنقىلابىي ئۇرۇق چېچىپ، بەزى ئوبدان ئىنقىلابىي تەسىرلەرنى پەيدا قىلغانىدى. قىزىل ئارمىيە شىمالغا يۈرۈش قىلغاندا، بەزى يولداشلار ئاچ قېلىپ، ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش مەقسىتىدە ئىنتىزامغا خىلاپ بولغان بەزى ئىشلارنى قىلىپ قويغانىدى. ئازاد بولغاندىن كېيىن، بىز ئۇلارغا: «ئەينى چاغلاردا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىنقىلاب يۈكى سىلەرنىڭ زىممەڭلەرگە چۈشكەنىدى، سىلەر قىزىل ئارمىيىنى ساقلاپ قېلىشتا ھەممىدىن زور مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلدىڭلار» دېيىشىمىز كېرەك. ئۇ چاغلاردا توغرا قىلمىغان ئىشلىرىمىز توغرىسىدا ئۇلاردىن كەچۈرۈم سورىشىمىز كېرەك. بۇ قېتىم بىز ئۇ يەرلەرگە بارغاندا، بەزى ئاز سانلىق مىللەت زاتلىرى ناھايىتى ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن: «ئۇ چاغدا ئاشلىقىمىزنى يەپ قورۇقداپ قويغانىدى، ئىچىمىزدە خاپا بولۇشقانىدۇق، ئەمەلىيەتتە چۈشەندۇق» دېيىشكەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئازادلىققا چىققانلىقىدىن خۇرسەن ئىكەن. مانا بۇ بىر-بىرىگە كۆڭلىنى تاپشۇرۇش دەپ ئاتىلىدۇ.

فېي شياۋتوڭ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ سەممىي، ئاق كۆڭۈللۈكىدىن تەسىرلىنىپ، ئارقىدىنلا: «مىللىي ئارازلىقنى ھەل قىلىشتا ئاساسلىقى چوڭ مىللەت شوۋىنىزمىغا قارشى تۇرۇش كېرەك» دەپ تەكلىپ بەردى.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: تار مىللەتچىلىككىمۇ ۋە چوڭ مىللەتچىلىككىمۇ قارشى تۇرۇش كېرەك. لېكىن ئاۋۋال ياۋاشلىق بىلەن چوڭ مىللەتچىلىكنى تۈگىتىش كېرەك. چوڭ مىللەتچىلىكتىن ۋاز كەچكەن ھامان، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭمۇ تار مىللەتچىلىكتىن ۋاز كېچىشىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. ئىككى خىل مىللەتچىلىك تۈگىتىلسىلا، ئىتتىپاقلىق مەيدانغا كېلىدۇ.

سۆھبەت چۈشتىن ئىلگىرى سائەت توققۇزلاردا باشلىنىپ ئىككى سائەتتىن كۆپرەك داۋاملاشتى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ قىزغىن ھالدا فېي شياۋتوڭنى تاماقتا بىللە بولۇشقا ئېپقالدى. ئۇلار غىزالانغاچ پاراڭلاشتى. دېڭ شياۋپىڭ: مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ناھايىتى مۇھىم، ئاز سانلىق مىللەتلەر مەسىلىسىگە كەلگەندە مەن تېخى ئىپتىدائىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ھېسابلىنىمەن، سىز مەخسۇس مۇشۇ خىزمەتنى ئىشلەيسىز، كۆپرەك مەسلىھەتچىلىك قىلىپ تۇرۇڭ! دېگەنىدى.

«دېڭ شياۋپىڭنىڭ مۇساپىسى» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى.

(ماقالىنى **چىن گۈيفاڭ** تەييارلىغان)

# سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق - تەرەققىيات ئىشلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرەيلى

— دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن مۇدىرى
چېن خۇڭ



پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6-ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە دائىر بىرقانچە مۇھىم مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى»دا سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت سوتسىيالىزم جەمئىيىتىنىڭ مۇھىم بەلگىسى، شۇنداقلا زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم نىشانى ۋە مۇھىم كاپالىتى، دەپ كۆرسىتىلدى. شۇڭا، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرى — سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مەزمۇنى، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتمۇ مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق - تەرەققىيات ئىشلىرىنىڭ مۇھىم نىشانى ۋە مۇھىم كاپالىتى ھېسابلىنىدۇ. قاراردا: دۆلەتنىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىلىق بولغان بارلىق ئىدىيە - ئەخلاقلارغا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىش؛ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى يېڭى دەۋردىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنىدىن بىرى قىلىش؛ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش تەربىيىسىدە، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە دىن سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇپ، ماركسىزملىق مىللەت قارىشى ۋە دىن قارىشىنى تەشۋىق قىلىش لازىم، دەپ ئېنىق كۆرسىتىلدى. يىغىن قارارىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش مىللەتلەر خىزمىتى نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتىدە زور يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە. 6-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش — نۆۋەتتىكى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى. 6-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇلسا، مىللەتلەر خىزمىتى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق - تەرەققىيات ئىشلىرى جەزمەن كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ.

6-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ «قارارى»دا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقى، شۇنىڭدەك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكى تولۇق تەكىتلەنگەن. مانا بۇ جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش، تارىخنى ۋە كەلگۈسىنى ئىگىلەش، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق چىقىرىلغان ئىلمىي يەكۈندۇر.

— بۇنى دۆلىتىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولۇشتەك ئەھۋالى بەلگىلىگەن. مىللەتلەرنىڭ كۆپ بولۇشى دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىدىن بىرى. ھەرقانداق ۋاقىتتا مەسىلىلەر ئۈستىدە ئويلاشقاندا ۋە ئىش بېجىرگەندە، دۆلىتىمىزنىڭ مۇشۇ ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتۇش لازىم. بىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك بۇ دۆلىتىمىزدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى باشتىن ـ ئاخىر بىر چوڭ ئىش بولۇپ كەلمەكتە. پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى — مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ئىنتايىن مۇھىم ۋەزىپە ھېسابلىنىدۇ.

رېئال ئەھۋالدىن قارىغاندا، بىز ھازىر مۇرەككەپ ۋە ئۆزگىرىشچان خەلقئارا مۇھىتقا دۇچ كەلدۇق، دۇنيادىكى بەزى كۆپ مىللەتلىك دۆلەتلەردە كۆرۈلگەن مىللىي زىددىيەت، زېمىن تالاش ـ تارتىشى ۋە دىن توقۇنۇشى بەزىدە ئۆرلەپ، بەزىدە پەسىيىپ تۇرۇۋاتىدۇ، بەزى دۆلەتلەر ۋە رايونلاردا مىللەتچىلىك كۈچلىرى ئىنتايىن ئەۋج ئېلىپ كەتتى، «پانئىسلامىزم» ۋە «پانتۈركىزم»، «چوڭ قازاقچىلىق ئىدىيىسى» ۋە «چوڭ موڭغۇلچىلىق ئىدىيىسى»نىڭ ئىپادىسى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئىپادىلەنمەكتە، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى دۇنياغا مۇناسىپ تەسىرلەرنى كۆرسىتىۋاتىدۇ، ئېلىمىزنىڭ بەزى جايلىرىغا بىۋاسىتە، ياكى ۋاسىتىلىك ھالدا تەسىر كۆرسىتىشىمۇ مۇمكىن. غەرب ئەللىرى جۇڭگونىڭ بىرلىككە كېلىشىنى ۋە قۇدرەت تېپىشىنى كۆرۈشنى خالىمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئېلىمىزنى غەربچىلەشتۈرۈشكە ۋە بۆلۈۋېتىشكە ئۇرۇنۇشى ھازىر مەخپىيەتلىك ھېسابلانمايدىغان بولۇپ قالدى. بۆلۈۋېتىش مەقسىتىگە يېتىشتە، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى قۇترىتىش ۋە قوللاش مۇھىم ۋاسىتىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. بىز مۇقىملىق ئارقىلىق داۋالغۇشقا تاقابىل تۇرۇشىمىز، ئىتتىپاقلىق ئارقىلىق بۆلۈۋېتىشكە قارشى تۇرۇشىمىز لازىم. ئىچكى ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئېلىمىزدىكى ئازسانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىي قىلدى، مىللەتلەر ئىتتىپاق، جەمئىيەت مۇقىم بولماقتا، سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، ئۈزلۈكسىز راۋاجلانماقتا. لېكىن شۇنىمۇ كۆرمەي بولمايدۇكى، بەزى جايلاردا ۋە بەزى جەھەتلەردە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىسىز بولغان بەزى ئامىللارمۇ ساقلانماقتا. بىز مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملىشىمىز ۋە راۋاجلاندۇرۇشىمىز، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى داۋامىدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ مەنىۋى ئاساسىنى كۈچەيتىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دۆلەتنىڭ، مىللەتنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى مەسىلىسى توغرىسىدىكى تونۇشىنى ۋە ئىدىيىسىنى تېخىمۇ بىرلىككە كەلتۈرۈشىمىز، ھەممە مىللەت بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ، دېگەن قارىشىنى تېخىمۇ چىڭىتىشىمىز لازىم.

**— بۇ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن.** مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ ھەمدە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. جۇڭخۇا مىللەتلىرى بىرلىكتە قول تۇتۇشۇپ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخنى بېسىپ ئۆتكەن، ئۈچمەس تۆھپىلەرنى ياراتقان، چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتقان ۋە ئورتاق مەنپەئەتنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بولۇپمۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئورتاق دۈشمەنگە قارشى كۈرەشتە، جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىللە بولدى، بىر ـ بىرىگە تايىنىپ ياشاپ كەلدى، ئار ـ نومۇسنىمۇ تەڭ كۆردى، شان ـ شەرەپكىمۇ تەڭ ئېرىشتى، ھەممە مىللەت ھەمنەپەس، تەقدىرداش، قەلبداش بولۇپ كەلدى. كىشىلەر تارىختىكى ئىجابىي ۋە سەلبىي تەجربە ـ ساۋاقلاردىن ئىتتىپاقلىقنىڭ دۆلەتنىمۇ، مىللەتنىمۇ گۈللەندۈرۈشنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتى. شۇڭا، ئىتتىپاقلىقنى ھەر قانداق ۋاقىتتا خۇددى كۆز قارىچۇقىمىزنى ئاسرىغاندەك قەدىرلىشىمىز ۋە قوغدىشىمىز لازىم.

بۈگۈنكى كۈندە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئورتاق غايە ۋە ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت ئورتاق ئارزۇ ھەر مىللەت خەلقىنى زىچ باغلىدى. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ۋە ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار نىشاننىڭ ئىشقا ئېشىشى تىنچ سىياسىي مۇھىتقا ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىناق مۇناسىۋىتىگە مۇھتاج. تارىخ بىلەن رېئاللىق ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىستىقبالى بىلەن تەقدىرىنى چىڭ بىرلەشتۈردى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىنىمۇ چىڭ بىرلەشتۈردى. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا

قىلىش ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئېھتىياجى ۋە ئورتاق تەلپۈنۈشى بولۇپ قالدى. ئۇ جەزمەن كىشىلەر قەلبىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە مۇجەسسەملەشتۈرۈپ ۋە ئۇرغۇتۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنى تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىشقا، ئۇلۇغۋار ئىشلار ئۈچۈن ئورتاق تىرىشىشقا ئۈندەيدۇ.

**— مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى — سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئىچكى تەلىپى.** مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھەم سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، ھەم سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئىچكى تەلىپى. غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنى دۆلىتىمىزنى باي، قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش يولىدا ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ۋە سەپەرۋەر قىلىش سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي تەلىپى. دۆلىتىمىزدە خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. مىللەتلەر ئىتتىپاق بولغاندىلا، ئاندىن پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە بارلىق خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقى بولىدۇ. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىرادىسىنى بىرلىككە كەلتۈرىدىغان، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۇيۇشۇشچانلىقىنى كۈچەيتىدىغان، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاكتىپلىقى، تەشەببۇسكارلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى قوزغايدىغان، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى جارى قىلدۇرىدىغانلا بولساق، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ ئوبدان ئىلگىرى سۈرەلەيمىز، دۆلىتىمىزنى باي، قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك بولغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقالايمىز، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرالايمىز.

**— بارلىق مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە ھەمكارلىقى — سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ شەرتى.** سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق ئىشى، ئۇ ھەر بىر مىللەتكە، مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان ئائىلىلەرگە چېتىلىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق كۆڭۈل بۆلۈشىگە ۋە ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىگە توغرا كېلىدۇ. مانا بۇ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ جۇشقۇن بولۇشى، ھاياتىي كۈچكە تولۇشى ۋە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنىڭ مۇھىم كاپالىتىدۇر. ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى جەمئىيەتتىكى ماددىي بايلىق ياراتقۇچىلار، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي كۈچى ھېسابلىنىدۇ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق قاتنىشىشى ۋە ئورتاق قوللىشىدىن ئايرىلغاندا، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى كۈچ مەنبەسىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ-دە، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشمۇ تەسكە توختايدۇ.

**— بارلىق مىللەتلەرنىڭ ئىدىيە، ئەخلاق ساپاسىنىڭ ئۆسۈشى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق.** دۆلىتىمىزدە ھازىر سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىنماقتا، بۇ مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى — تەرەققىياتى ئۈچۈن پۇختا ئىقتىسادىي ئاساس يارىتىپ بەردى. لېكىن يەنە بىر جەھەتتىن شۇنىمۇ كۆرۈۋېلىشىمىز كېرەككى، بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، تاۋار - پۇل مۇناسىۋىتى ۋە قىممەت قانۇنىيىتىنىڭ غايەت زور سىڭدۈرۈش كۈچى ۋە قايمۇقتۇرۇش كۈچى، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى ماددىي مەنپەئەت مۇناسىۋىتىدە بولىدىغان ئۆزگىرىش قاتارلىقلار بىزدە كۆپ يىللاردىن بۇيان شەكىللەنگەن ۋە بىز تەشەببۇس قىلىۋاتقان ئالىيجاناب غايە ئېتىقادى، ئەخلاق-پەزىلەت، دۇنياقاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشى، شۇنىڭدەك ئىتتىپاقلىق، دوستلۇق، ھەمكارلىق ئاساسىدىكى كىشىلىك مۇناسىۋەتكە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنداقلا مىللىي مۇناسىۋەتكىمۇ تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى سوتسىيالىستىك، كوممۇنىستىك ئىدىيىۋى ئەخلاقنى تەشەببۇس قىلىدۇ ھەم پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىدىيە-ئەخلاق ساپاسى ۋە پەن-مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرىدۇ، بۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا، ئادەم ساپاسىنىڭ ئۆسۈشى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا بىۋاسىتە ھەم كۈچلۈك تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ.

**— ئىدىيە-ئەخلاق ھەرىكىتى ھېسابلىنىدىغان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئىلھام ۋە مەدەتكە سازاۋەر بولىدۇ.**

«قارار»دا، دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىلىق بولغان بارلىق ئىدىيە-ئەخلاققا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىلىدۇ، دەپ كۆرسىتىلدى. بۇ كىشىلەرگە شۇنى يەنە بىر قېتىم ئۇقتۇرىدۇكى، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش شەرەپلىك ئىش، شۇنداقلا ئەخلاقلىق بولۇشنىڭ ئىپادىسى؛ دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا زىيان يەتكۈزۈش نومۇس ئىش، شۇنداقلا ئەخلاقسىزلىقنىڭ ئىپادىسى. بۇ يەردە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىلەن ئىدىيە-ئەخلاقنىڭ مۇناسىۋىتى تونۇش جەھەتتىن ناھايىتى ئېنىق چۈشەندۈرۈلگەن، كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىگىمۇ ئېنىق تەلەپلەر قويۇلغان. بۇ كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئۆز ھەرىكىتىنىڭ نىشان بەلگىسى ۋە يۆنىلىشى قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۈچۈن كۆپرەك ياخشى ئىش قىلىشقا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىسىز سۆزلەرنى ۋە ئىشلارنى قىلماسلىققا ھەمدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا زىيانلىق قىلمىشلارغا قارشى كۈرەش قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىتتىپاقلىقنى ۋە تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ.

— سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى مەدەنىيەت تارقىتىش ساھەسىدە كۆرۈلگەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا زىيانلىق ئەھۋاللاردىن ساقلىنىش ۋە ئۇلارنى تۈگىتىشكە پايدىلىق. تەشۋىقات - خەۋەر، ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى ئىجادىيىتى قاتارلىق مەدەنىيەت تارقىتىش ساھەلىرى ماركسىزملىق مىللەت قارىشى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىش، مىللەت ھەققىدىكى بىلىملەرنى تونۇشتۇرۇش، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى مۇۋەپپەقىيەتلىرى توغرىسىدا خەۋەر بېرىش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئېسىل مەدەنىيىتىنى جارى قىلدۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچلۈك دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى. لېكىن مەدەنىيەت تارقىتىش ساھەسىدە، ئىلگىرى پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە دىن سىياسىتىگە خىلاپلىق قىلىدىغان، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھېسسىياتىغا ئازار بېرىدىغان ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان بەزى ۋەقەلەر پات-پات سادىر بولدى. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى مەدەنىيەت خىزمەتچىلىرىنى مىللىي سىياسەت قارىشىنى ئۆستۈرۈپ، جان-دىلى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىدىيىسىنى تېخىمۇ ئوبدان تۇرغۇزۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ياخشى مەنىۋى مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىجاد قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىگە ئەڭ ياخشى مەنىۋى ئوزۇق تەقدىم قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەدەنىيەت بازىرى ۋە ئاخبارات، گېزىت-ژۇرنال، رادىيو، كىنو، تېلېۋىزىيە، نەشرىيات تارماقلىرىغا بولغان باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ئارقىلىق، «ھەممىدە پۇلغا قارايدىغان»، ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە سەل قارايدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان ئەسەرلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى قەتئىي مەنئىي قىلىنىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى مەدەنىيەت ساھەسىدە كۆرۈلگەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا زىيان يەتكۈزۈش ئەھۋاللىرىنى تۈگىتىشكە پايدىلىق.

— سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىلىق ئىجتىمائىي مۇھىتنى يارىتىدۇ. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە بارغانسېرى كېڭىيىدۇ، بۇ بىر تەرەپتىن، ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى قويۇقلاشتۇرۇپ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە، چۈشىنىش ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتتى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا مەنپەئەت مۇناسىۋىتى، مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى، ئۆرپ-ئادەت، دىنىي ئېتىقادنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى تۈپەيلىدىن زىددىيەت پەيدا بولۇش ئېھتىمالىمۇ كۆپەيدى. بەزى كىشىلەر كەسىپ ئەخلاقى، ئىجتىمائىي ئەخلاق قاتارلىق جەھەتلەردە قېلىپتىن چىققان ھەرىكەتلەردە بولىدۇ، بەزى كىشىلەر كىشىلىك مۇناسىۋەتنى بىر تەرەپ قىلىشتا، مەنپەئەتنى دەپ ۋىجداندىن كېچىدۇ، مەنپەئەتپەرەسلىك قىلىدۇ، ھەتتا ئۆزى پايدا ئېلىش ھېسابىغا باشقىلارغا زىيان سالىدۇ. ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەر ئالاقىلەشكەندە، بۇ قىلمىشلار مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىققا زىيان يەتكۈزىدۇ. سوتسىيالىستىك مەنىۋى

مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۈچۈن ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىپ، مىللەتلەر ئالاقىلىشىش جەريانىدا كۆرۈلىدىغان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىسىز ئامىللارنى تۈگىتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشى شۈبھىسىز.

«قارار»دا يەنە: مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى سېلىنمىسىنى ھەقىقىي كۆپەيتىش كېرەك، ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىمدىكى تېخى تەرەققىي تاپمىغان رايونلار ۋە ئازسانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرى سېلىنمىسىنى كۆپەيتىش ئالاھىدە تەكىتلىنىدۇ، دەپ كۆرسىتىلدى. بۇ ئازسانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ مەدەنىيەت مۇئەسسەسەلىرىنى ياخشىلاشقا، ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئىنتايىن پايدىلىق، ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيىتىنى ۋە مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشكىمۇ پايدىلىق.

پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، مىللەتلەر خىزمىتى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتتىن خىزمەتنى كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ:

## 1. ماركسىزملىق مىللەت قارىشىنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇش

ماركسىزملىق مىللەت قارىشى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مىللىي مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە مىللىي سىياسەتنى تۈزۈپ چىقىشتىكى نەزەرىيىۋى ئاساسى، شۇنداقلا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا چىڭ تۇرۇشىدىكى ئىدىيىۋى شەرت ھېسابلىنىدۇ، شۇڭا، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا ماركسىزملىق مىللەت قارىشىدا چىڭ تۇرۇش كېرەكلىكى تەكىتلىنىدۇ. ماركسىزملىق مىللەت قارىشىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: مىللەتنىڭ پەيدا بولۇشى، تەرەققىي قىلىشى ۋە يوقىلىشى ئۇزاق بىر تارىخىي جەريان بولۇپ، مىللىي مەسىلە ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ؛ سوتسىيالىزم باسقۇچى مىللەتلەر ئورتاق تەرەققىي قىلىدىغان ۋە گۈللىنىدىغان مەزگىل، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئورتاق ئامىللار ئۈزلۈكسىز كۆپىيىمەكتە، لېكىن مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە مىللىي پەرق داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ؛ مىللىي مەسىلە ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەسىلىلەرنىڭ بىر قىسمى، مىللىي مەسىلىنى پۈتكۈل ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش جەريانىدىلا پەيدىنپەي ھەل قىلغىلى بولىدۇ، ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى مىللىي مەسىلىسى سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئورتاق ئىش داۋامىدىلا تەدرىجىي ھەل قىلغىلى بولىدۇ؛ ھەر مىللەت ئاھالىسىنىڭ ئاز-كۆپ بولۇشى، تارىخىنىڭ ئۇزۇن -قىسقا بولۇشى، تەرەققىياتىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىردەك باپباراۋەر بولۇشى لازىم، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش كېرەك؛ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زوركۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى، ھەممە مىللەت ئۆزئارا ياردەم بېرىپ، ئورتاق تەرەققىي تېپىشى ۋە گۈللىنىشى لازىم؛ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىگە قوشقان زور تۆھپىسى، شۇنداقلا دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىدىغان تۈپ تۈزۈمى؛ زور ئازسانلىق مىللەت كادىرلار قوشۇنىنى تەربىيىلەپ يېتىلدۈرۈش مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچىدۇر.

تارىخمۇ، رېئاللىقمۇ ماركسىزملىق مىللەت قارىشىدا چىڭ تۇرغاندىلا، مىللىي مەسىلىنى توغرا تونۇغىلى ۋە ھەل قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە، ماركسىزملىق مىللەت قارىشىدا چىڭ تۇرۇشتا، دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىدە چىڭ تۇرۇش شەرت. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلابىي ئەمەلىيەت داۋامىدا، مىللىي مەسىلە ۋە مىللەتلەر خىزمىتى توغرىسىدا چوڭقۇر ئويلانغان ۋە ئۇنى مۇپەسسەل بايان قىلغان، ئۇنىڭ مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىنى ھاسىل قىلغان. بۇ مۇھىم نەزەرىيىلەر يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ يېڭى تارىخىي دەۋردە ئېلىمىزدىكى

مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىش توغرىسىدىكى مەيدانى، نۇقتىئىنەزەرى ۋە ئۇسۇلىنى مەركەزلىك ئىپادىلەيدۇ. بۇ — يېڭى دەۋردىكى مىللەتلەر خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەشنىڭ ھەرىكەت قىبلىنامىسى.

ماركسىزملىق مىللەت قارىشىدا چىڭ تۇرۇشتا، ھەر مىللەت خەلقىگە ماركسىزملىق مىللەت قارىشى توغرىسىدا تەشۋىق - تەربىيە ئېلىپ بېرىشقا، زاۋۇت، يېزا، ئورگان، ئارمىيە، مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسىدە بۇ تەربىيىنى ئېلىپ بېرىشقا ھەمدە ئۇنى پىلانلىق ۋە تەشكىللىك ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنداق تەربىيە جانلىق، جۇشقۇن بولۇشى، ئۇنىڭدا ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىلىشى، ئوخشاش بولمىغان ئوبيېكتلارغا ئوخشاش بولمىغان تەلەپلەر قويۇلۇشى لازىم. كادىرلارغا، ياشلارغا ۋە ئۆسمۈرلەرگە بولغان تەربىيىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. پارتىيىمىزنىڭ ھەر دەرىجىلىك كادىرلىرى ماركسىزملىق مىللەت قارىشىنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى ۋە ئاساسىي مەزمۇنىنى بىلىۋېلىشى، پارتىيىنىڭ مىللىي مەسىلىدىكى ئاساسىي نۇقتىئىنەزەرىنى بىلىۋېلىشى، ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا ماركسىزملىق مىللەت قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، غەيرىي ماركسىزملىق مىللەت قارىشىغا قارشى تۇرۇشى لازىم.

ماركسىزملىق مىللەت قارىشى ھەققىدىكى تەشۋىقاتنى ئۇزاققىچە داۋاملاشتۇرۇپ، ئۇنى دائىملىق خىزمەت قىلىپ، ئۇزاققىچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ھەمدە ئۇنى پۈتكۈل دۆلەتنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى قىلىش لازىم.

**2. پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسەتتە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش**

ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىز تۈزگەن مىللىي سىياسەت توغرا، ھەم دۆلىتىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ، ئۇ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چىن قەلبىدىن ھىمايە قىلىشىغا ئېرىشىپ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى — تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى، ئۇنىڭدا قەتئىي تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش زۆرۈر.

پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسەتتە چىڭ تۇرۇشتا، سىياسەت قارىشىنى پۇختا تىكلەپ، مىللىي سىياسەتنى چۈشىنىپ ۋە پىششىق ئىگىلەپ، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسەتتە چىڭ تۇرۇشىنىڭ مۇھىملىقىنى پارتىيىنىڭ چوڭ - چوڭ فاكچىن-سىياسەتلىرىنى ئىجرا قىلىپ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى-تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سىلجىتىش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ تولۇق تونۇش تەلەپ قىلىنىدۇ.

پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسەتتە چىڭ تۇرۇشتا يەنە يېڭى ۋەزىيەتنىڭ ۋە ۋەزىپىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىپ، مىللىي سىياسەتنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. مىللىي سىياسەتنى ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى ئۆزگەرمەيدۇ، لېكىن بەزى سىياسەتلەرنىڭ كونكرېت مەزمۇنىدا ئۆزگىرىش بولۇپ تۇرىدۇ. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى ئورنىتىش جەريانىدا، ئەسلىدىكى بەزى ئېتىبار بېرىش ھېسابىدىكى مىللىي سىياسەتلەرنىڭ بەزىلىرى نامدا بار ئەمەلدە يوق بولدى، بەزىلىرى قايتا مەۋجۇت بولمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، يېڭى ئەھۋالغا قاراپ مۇناسىپ تەدبىر قوللىنىپ، مىللىي سىياسەتنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

**3. ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇش**

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش بىلەن ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش زىچ مۇناسىۋەتلىك، شۇڭا، ئومۇمىي خەلق ئارىسىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى چوڭقۇر ھەم ئۇزاققىچە ئېلىپ بېرىش لازىم، بۇ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم بىر ۋەزىپە.

ۋەتەنپەرۋەرلىك — بىر كىشىنىڭ ئۆزىنى يېتىلدۈرگەن ۋەتەنگە بولغان قىزغىن ھەم گۈزەل ھېسسىياتى. ۋەتەننىڭ تاغ - دەريالىرى ۋە تۇپرىقى ھەممە مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان، تەرەققىي قىلىدىغان ۋە تارىخنى يارىتىدىغان سەھنىسى، شۇنداقلا ھەممە مىللەتنى يېتىلدۈرىدىغان بۆشۈك. دۆلەت بىرلىك، گۈللىنىش ۋە باي-قۇدرەت تېپىشنى ئىشقا ئاشۇرغاندىلا، ئاندىن ھەممە مىللەتنىڭ ئىززەت -ھۆرمىتى ۋە ئورنى بولىدۇ، شۇنداقلا ھەممە مىللەت تەرەققىي تاپىدۇ ۋە ئالغا باسىدۇ. ھەممە مىللەتنىڭ مەنپەئەتى دۆلەت مەنپەئەتى بىلەن زىچ باغلانغان بولۇپ، خۇشاللىقىمۇ، قايغۇدىمۇ بىللە بولىدۇ.

ھەرقانداق مىللەت ۋە ھەرقانداق ئادەم ئۈچۈن دۆلەتنىڭ مەنپەئەتى ھەممىدىن ئەۋزەل، ھەممىدىن يۇقىرى ۋە ھەممىدىن مۇھىم بولىدۇ. ھەر مىللەت خەلقىگە خىلمۇ خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش لازىم. ۋەتىنىمىزنىڭ گۈزەل تاغ-دەريالىرى، ئۇزاق تارىخى، پارلاق مەدەنىيىتى، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە ئۇلۇغۋار نىشانى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى ۋە ئىنقىلابىي ئەنئەنىسى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىنىشى كېرەك.

ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتا، ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەققىدىكى شەرەپلىك ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم. ئېلىمىزدىكى ھەممە مىللەتنىڭ شەرەپلىك ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەنئەنىسى بار، بۇنداق ئەنئەنە ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملىشىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر ئورنىشىپ كەتكەن ھەمدە ئۇ 56 مىللەتنى پارلاق كەلگۈسىگە قاراپ مەردانە قەدەم تاشلاشقا ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان ۋە ئىلھاملاندۇرىدىغان مەنىۋى كۈچكە ئايلانغان. بۇنداق شەرەپلىك ئەنئەنىنى يېڭى تارىخىي شارائىتتا ئۈزلۈكسىز جارى قىلدۇرۇش ۋە نۇرلاندۇرۇش لازىم.

ئۇزاق مۇددەتلىك ئالاقە، ئورتاق تۇرمۇش ۋە ئورتاق كۈرەش داۋامىدىكى ئورتاق مەنپەئەت، ئورتاق تەقدىر ۋە ئورتاق ئېتىقاد ھەر مىللەت خەلقىنى زىچ باغلىدى. بۈگۈنكى كۈندىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىدا، شەرەپلىك ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ، جۇڭخۇا ئېلىنى سۆيۈپ ۋە گۈللەندۇرۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، بىرلىكتە زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

**4. مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق ـ تەرەققىيات ئىشلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈش پائالىيىتىنى چوڭقۇر ۋە ئۇزاقىچە قانات يايدۇرۇش**

مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق ـــ تەرەققىيات ئىشلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈش پائالىيىتى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، شۇنداقلا يېڭى دەۋردە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، ئورتاق گۈللىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ياخشى شەكلى، شۇڭا بۇ پائالىيەتنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇش ھەمدە ئۇنى كەڭلىك ۋە چوڭقۇرلۇققا قاراپ راۋاجلاندۇرۇش لازىم.

مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق ـــ تەرەققىيات ئىشلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈش پائالىيىتى 80-يىللارنىڭ بېشىدا باشلانغان بولۇپ، ئۇ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ئىجادىيىتى ھېسابلىنىدۇ، ئۇ ئېلىمىزدە مەۋجۇت بولغان ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش داۋامىدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ تارىخىي يۈزلىنىشىنى، ھەم ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسىنى ۋە ئىنتىلىشىنى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرگەن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن گوۋۇيۈەننىڭ تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ۋە غەمخورلۇقىغا ئېرىشتى، گوۋۇيۈەن مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىق ـ تەرەققىيات ئىشلىرى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىنى ئىككى قېتىم ئاچتى، 6-ئومۇمىي يىغىندا يەنە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق ـ تەرەققىيات ئىشلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش قارارىغا كىرگۈزۈلدى.

يېڭى ۋەزىيەتكە ئۇيغۇنلىشىپ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق ـ تەرەققىيات ئىشلىرىنى بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قەتئىي بوشاشماي قانات يايدۇرۇپ، ئۇنى پىلانلىق، تەشكىللىك، نىشانلىق ھالدا ئىشلەپ، ئۈزلۈكسىز ئىجاد قىلىپ، ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇپ ۋە ئۇزاقىچە داۋاملاشتۇرۇپ، چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش كېرەك.

جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغۋار ئىش جەريانىدا مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق ـ تەرەققىيات ئىشلىرى بويىچە ئىلغار تىپلار ھەممە كەسىپ، ھەممە ساھەدە ھەر ۋاقىت مەيدانغا كېلىپ تۇرىدۇ. شۇڭا، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق ـ تەرەققىيات ئىشلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈش پائالىيىتىدە مەيدانغا كەلگەن نەمۇنىچى شەخسلەرنى داۋاملىق زور كۈچ بىلەن تەقدىرلەش، كۇڭ فەنسېن، سېرجان قاتارلىق ئىلغار شەخسلەردىن ئۆگىنىش ھەمدە ئۇلارنىڭ نەمۇنىلىك، باشلامچىلىق رولىنى جارى

قىلدۇرۇش؛ ئىلغارلارنى ئۈلگە قىلىپ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق- تەرەققىيات ئىشلىرى بويىچە نەمۇنىچىلەردىن بولۇشنى ياخشى ئىجتىمائىي كەيپىياتقا ئايلاندۇرۇش كېرەك.

**5. ئازسانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش**

مەدەنىيەت ئىشلىرى — سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ۋاستىسى، ئازسانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ كۈنسايىن ئېشىۋاتقان مەنىۋى مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، پۈتكۈل مىللەتنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق - تەرەققىيات ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا ماددىي ئاساسنى كاپالەت قىلىش لازىم. 6-ئومۇمىي يىغىندا، مەركەز ۋە يەرلىك مالىيە ئورۇنلىرى تەشۋىقات-مەدەنىيەت ئىشلىرىغا بولغان سېلىنما سالمىقىنى، مىللىي نەشرىياتچىلىق ئىشلىرى ۋە ۋەكىللىك خاراكتېرىنى ئالغان يەرلىك، مىللىي سەنئەت ئۆمەكلىرىگە بولغان يار-يۆلەك بولۇش سالمىقىنى زورايتىش كېرەك، دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىنى چوڭقۇر چۈشەنگەنلىكى ۋە ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بىز ئېلىپ بېرىۋاتقان مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىدىغان، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرىدىغان مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى. ئازسانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، ئازسانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ ھەممە مىللەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئىككى مەدەنىيەتنى تەڭ يولغا قويۇش ھەم تەكشى تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم.

(جامال ئىمىن تەرجىمە قىلدى)

**«جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» دېگەن قامۇسسىمان كىتاب نەشردىن چىقىش ئالدىدا**

مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، مەركىزىي مىللەتلەر داشۆسى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى بىرلىشىپ يازغان «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» دېگەن كىتاب يېقىندا مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنماقچى.

پۈتۈن كىتاب 35 قىسىم، 153 باب ۋە 20 قوشۇمچىدىن تەركىب تاپقان، تەخمىنەن 4 مىليون 500 مىڭدىن كۆپرەك خەت ھېسابىدا بولۇپ، دۆلىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى مەخسۇس تېمىلار بويىچە تونۇشتۇرغان چوڭ ھەجىمدىكى تۇنجى كىتاب ھېسابلىنىدۇ، شۇنداقلا چەت ئەل كىتابخانىلىرىغا يۈزلەنگەن چوڭ ھەجىمدىكى تۇنجى قامۇستۇر. ئۇ كىتابتا ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى، پارتىيىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتى، ئارخېئولوگىيە، شەخسلەر، كىيىم- كېچەك بېزەكلىرى، بىناكارلىق، قاتناش، توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم، مەنئىي قىلىنغان ئىشلار، دىن، ھېيت - بايرام، ئادەم ئىسمى، بايلىق مەنبەلىرى، ئالاھىدە مەھسۇلات، مەشھۇر جايلار، ئىقتىساد، پەن- تېخنىكا، تىببىي دورىگەرلىك، مائارىپ، ئەدەبىيات، سەنئەت، تەنتەربىيە ۋە مىللەتلەر خىزمىتى قاتارلىق جەھەتلەر ئەتراپلىق، تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان بولۇپ، ئومۇمىيلىققا، بىلىم خاراكتېرىگە، نەزەرىيىۋىلىككە ۋە ئەمەلىيلىككە ئىگە بولۇشتەك ئومۇمىي ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

(باھارگۈل تەرجىمە قىلدى)



# 1997 - يىلنىڭ مەنزىرە
## لىنىيىسى بويىچە زىيارەت

● جېڭ چيەن ●

— ئالىملار بىلەن سۆھبەت: جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلىرىنىڭ 1997 - يىللىق ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈستىدە مۆلچەر

**زىيارەت قىلىنغان ئالىملار**

**مارۇڭ** — بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى سوتسىئولوگىيە، ئىنسانشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى

**يۈەن گاڭمىڭ** — جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئانچە تەرەققىي قىلمىغان رايونلارنىڭ ئىقتىسادىنى تەتقىق قىلىش مەركىزىنىڭ مۇدىرى

**ياڭ جىڭچۇ** — جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى ئىلمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى

* * *

**غەربىي قىسىمغا يۆتكىلىش ھەققىدە — ئالىملارنىڭ 1997 - يىللىق تەرەققىيات ھەققىدىكى مۆلچەرلىرى**

— مۆلچەرلەش ئۈچۈن، ئۆتمۈشنى كۆزىتىپ چىقىش كېرەك. چۈنكى كەلگۈسىگە بەدەلسىزلا يەتكىلى بولمايدۇ، — دەپ باشلىدى تەتقىقاتچى ياڭ جىڭچۇ سۆزىنى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا نەزەر سېلىش ۋە ئۇنى مۆلچەرلەش جەھەتتە نوپۇزلۇق كىشى، شۇنداقلا مول تەسىراتقا ئىگە بولۇپ، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى يىلدا بىر قېتىم چىقىرىپ كېلىۋاتقان «جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ ۋەزىيىتى ئۈستىدە تەھلىل ۋە مۆلچەر توغرىسىدىكى كۆك تاشلىق كىتاب»نىڭ «ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە بۇ ھەقتىكى مۆلچەر» دېگەن بابىنىڭ ئۇدا بىرنەچچە يىللىق يازغۇچىسى.

شۇنىڭغا ئىشىنىشكە ھەقلىقمىزكى، 1997 - يىلنى مۆلچەرلەش ئۈچۈن، 1996 - يىلنى ئەسلىشىمىز تەبىئىي.

ئۆتكەن بىر يىلنى ئەسلىگەندە 1996 - يىلى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا يۈز بەرگەن ئەڭ زور ئىش — ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىم رايونلارنىڭ ھەققىي رەۋىشتە جۇڭگو جامائەت پىكرىنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى بولۇپ قالغانلىقى بىردىنلا كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ.

— شىنجاڭغا مەبلەغ سېلىش دولقۇنى داغدۇغىلىق ھالدا قوزغالدى؛ «شەرقنىڭ ئورچۇقلىرىنى غەربكە يۆتكەش» تىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىش باشلىنىپ كەتتى، شەرقىي قىسىمنىڭ كەسىپلىرىنى غەربىي قىسىمغا يۆتكەش دولقۇنى پەيدىنپەي قوزغىلىۋاتىدۇ؛ يۈننەن ئىگىلىكى كىشىلەر قەلبىنى ھاياجانغا سالغۇدەك دەرىجىدە يۈكسىلىشكە باشلىدى.... چوڭ -

چوڭ ئاخبارات ۋاستىلىرى ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىم رايونلار ھەققىدە خەۋەر قىلىشقا بارغانسېرى كۆرۈنەرلىك سەھىپىلەرنى ئاجرىتىۋاتقانلىقى تېخىمۇ روشەنلەشمەكتە.

1996 ـ يىلدىكى خەۋەرلەرنىڭ ئالدىنقى قىسمىدىن ئورۇن ئېلىپ كەلگەن ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىم رايونلار كەڭ ئاممىنىڭ پۈتۈن دىققەت ـ نەزەرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، 1996 ـ يىلدىكى جۇڭگو ئىگىلىكىنى كۆزىتىشتە ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىم رايونلىرى ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتىشكە بولمايدىغان مەنزىرە لىنىيىسى ھېسابلىنىدۇ.

1997 ـ يىلغا نەزەر سالغاندا، ئالىملارنى قىزىقتۇرغان نۇقتا دەل ئەنە شۇ.

ئەمما، ماقالىمىزنىڭ تۆۋەندىكى مەزمۇنىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ئىلگىرى ئېنىقلىۋېلىشقا تېگىشلىك بولغان تەپەككۇرنىڭ ئالدىنقى شەرتى شۇكى، ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىم رايونلىرىنىڭ 1996 ـ يىلى قىزىق نۇقتا بولۇپ قالغانلىقى بىلەن ئالدىنقى بىرنەچچە يىلدا ئۆزىنىڭ ئەڭ نامرات ئوبرازى بىلەن پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي دىققەت ـ نەزەرىنى ۋە ھېسداشلىقىنى قوزغىغانلىقى ئوتتۇرىسىدا ئاز ـ تولا ئوخشاشماسلىق بارمۇ ـ يوق؟

بۇنىڭغا ھەر خىل جاۋابلار بېرىلىشى مۇمكىن. ئەمما 1997 ـ يىلغا نەزەر سېلىشتىكى كەيپىيات جەھەتتە خۇشاللىق بىلەن غەشلىكنىڭ چېگرىسى مۇشۇ يەردە ئايرىلماقتا.

* * *

**ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىم رايونلارنىڭ ئاستا ـ ئاستا قەد كۆتۈرۈۋاتقان ئوبرازى**

**ــ 1997 ـ يىلغا نەزەر سېلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى**

ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىم دېگەن ئۇقۇمنى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش ئانچە توغرا بولماس، بەلكىم. ئەمما تەتقىقاتچى ياڭ جىڭچۇ ئوتتۇرىغا قويغان ئىشەنچلىك سانلىق مەلۇماتلاردا بىزنى بۇ ئىككىسىنىڭ غايەت زور دەرىجىدە چىرمىلىشىپ كەتكەنلىكىگە ئىشەندۈرىدىغان ئاساسلار بار.

ــ مەملىكەت بويىچە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 6 مىليون 169 مىڭ 700 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە غەربىي قىسمىدىكى ئون ئۆلكە، ئاپتونوم رايون يەنى ئىچكى موڭغۇل، گۇاڭشى، شىزاڭ، نىڭشىيا، شىنجاڭ، گۈيجۇ، يۈننەن، چىڭخەي، گەنسۇ، سىچۈەنلەردىكى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ كۆلىمى 5 مىليون 953 مىڭ 700 كۋادرات كىلومېتىر ئىكەن، بۇ پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى مىللىي ئاپتونوم جايلار ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 96.6 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدىكەن؛ شەرقىي قىسمىدىكى سەككىز ئۆلكە ـ شەھەر يەنى بېيجىڭ، تيەنجىن، شاڭخەي، گۇاڭدۇڭ، فۇجيەن، جياڭسۇ، جېجياڭ، شەندۇڭلاردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاھالىلىرى پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئومۇمىي ئاھالىسىنىڭ ئاران 2.6 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدىكەن، ئۇلارنىڭ مىللىي ئاپتونوم جايلىرىنىڭ كۆلىمى بولسا پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى مىللىي ئاپتونوم جايلارنىڭ ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ ئاران 0.01 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدىكەن. شۇنداق بولغاچقا، «ئىلىم ساھەسىدىكىلەر غەربىي قىسىم رايونلارنى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرى دەپ ئاتايدۇ، دېڭىز بويىدىكى تەرەققىي تاپقان شەرقىي قىسىم ئۆلكە، شەھەرلەرنى خەنزۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلار دەپ ئاتايدۇ، بۇ ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە ئاساسىي جەھەتتىن ئۇيغۇن كېلىدۇ.»

شۇنداق ئىكەن، غەربىي قىسىم رايونلارنى كۆزىتىشنىڭ نەتىجىسى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئۆزئارا باغلىنىشلىق ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرنى مەلۇم دەرىجىدە ئېچىپ بەرگەن. جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىقتىسادى ئانچە تەرەققىي قىلمىغان جايلارنى تەتقىق قىلىش مەركىزىدىكى دوكتور يۇەن گاڭمىڭ جۇڭگونىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنى دەل ئاشۇنداق نۇقتىدا تۇرۇپ شەرھلىگەن. ئۇنىڭ تەپەككۇر ئۇچۇرى ھاياتىي كۈچكە ئىگە.

دۆلەتنىڭ ئوتتۇرا ۋەغەربىي قىسىم رايونلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىدا 9 ـ بەش يىللىق پىلان ئىنتايىن مۇھىم بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولدى. ئەمما گەپ شۇ يەردىكى، گەرچە 9 ـ بەش يىللىق پىلاندا ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىم رايونلارنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەشكە ناھايىتى كەڭ ئورۇن بېرىلگەن بولسىمۇ، دۆلەت پىلان كومىتېتىنىڭ ئالاقىدار كەسپلەرنى تەرەققىي

قىلدۇرۇش پىلانى 9 - بەش يىللىق پىلاندىن بىر يىل ئىلگىرىلا تولۇقلاپ بولغان. ئۇنداق بولسا، 1996 - يىلى ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىم رايونلار ئىگىلىكى قىزىق نۇقتىسىنىڭ ئەۋج ئېلىشىغا زادى نېمە تۈرتكە بولدى؟

بۇ سوئالغا دوكتور يۈەن گاڭمىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرغىدەك جاۋاب بەردى: «بۇنىڭ سەۋەبى غەربىي قىسىم رايونلارنىڭ بايلىق ئۈستۈنلۈكى بىلەن مەبلەغ سېلىش ئۈنۈمىنىڭ رول ئوينىغانلىقىدا. مۇناسىۋەتلىك ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، 8 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە جۇڭگو قۇرۇقلۇقىدا مەبلەغ سېلىش ئۈنۈمى ئەڭ يۇقىرى بولغىنى يۈننەن بىلەن شىنجاڭ بولغان!»

بۇ ئۇچۇر كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ — بۇ بىز ئىگە بولۇپ كەلگەن ساۋات بىلەن توقۇنۇشىدىغۇ. بىز ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىم رايونلاردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ مەبلەغ ئۈنۈمىنىڭ ناھايىتى تۆۋەنلىكىنى قايتا - قايتا ئەكس ئەتتۈرگەن سان - سىفىرلارنى ئوخشاش بولمىغان سورۇنلاردا تولىمۇ خىجالەتچىلىك ئىچىدە ئەسلەشكە بۇرۇنلا ئادەتلىنىپ قالغان. بىزنىڭ بۇ ناتونۇش ئۇچۇرنى قوبۇل قىلالمىسىز ئۈچۈن، روشەنكى، مەلۇم بىر جەريان كېرەك.

ئەمما دوكتور يۈەن گاڭمىڭنىڭ دەلىللىرى ئېنىق، قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە؛ 1992 - يىل كىرىش بىلەنلا، دېڭ شياۋپىڭنىڭ جەنۇبنى كۆزدىن كۆچۈرگەندە قىلغان سۆزلىرى جۇڭگونىڭ يېڭى بىر قېتىملىق ئىقتىساد ئېشىش دولقۇنىنى قوزغىۋەتتى. شەرقىي قىسىم رايونلاردا شىددەتلىك مەبلەغ سېلىش قىزغىنلىقى پەيدا بولدى، يەنە كېلىپ دېڭىز بويىدىكى رايونلار كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. دەل شۇ مەزگىلدە شەرقىي قىسىم رايونلار ئىقتىسادىنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە ئېشىش نىسبىتى پۈتۈن مەملىكەت ئىقتىسادىنىڭ تېز سۈرئەت بىلەن ئۆرلىشىگە تۈرتكە بولدى. بازار ئىگىلىكىدىكى ئۈنۈمنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش توغرىسىدىكى قانۇنىيەت بويىچە، كىشىلەر نامرات غەربىي قىسىم رايونلارنىڭ شەرقىي قىسىمدىن كۆپ ئارقىدا قالغانلىقتىن ئىبارەت پەرقنى شۇ ۋاقىتتىمۇ ئوخشاشلا ئېچىنغان ھالدا كۆرگەندىيۇ، ئەمما يېتىشىۋېلىشنىڭ چارىسىنى ئوتتۇرىغا قويالمىغاندى. ئۈنۈم بىلەن ھەپىلىشىش، پەللىمۇ پەللە ئىلگىرىلەش، روشەنكى، 90 - يىللارنىڭ باشلىرىدىكى ستراتېگىيىلىك تونۇش بولۇپ قالدى.

— ئۆز تەرەققىياتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە «ئۈنۈمنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش» ئارقىلىق ئىقتىسادنى يۇكسەلدۈرۈش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان مالىيە كۈچىنى ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە جۇغلىمىغان بىرمۇ دۆلەت يوق. جۇڭگومۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. شۇڭا، شەرقىي قىسىم رايونلار بىلەن غەربىي قىسىم رايونلارنىڭ پەرقى 90 - يىللارنىڭ باشلىرىدىن ھازىرغىچە پۈتۈن جەمئىيەتنى قاتتىق ئويغا سالىدىغان چوڭ تېما بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ پەرقنى كىچىكلىتىشنىڭ ستراتېگىيىسى بىر مەزگىل ئەمەلىيلەشمىگەن.

شۇنىڭ ئۈچۈن، دوكتور يۈەن گاڭمىڭ ئۇنى بويسۇنماي بولمايدىغان ئىقتىسادىي تەرەققىيات ھادىسىسى سۈپىتىدە ئېچىپ بەردى. بۇ قانۇنىيەت بىزنىڭ كىشىنى بىئارام قىلىدىغان بىرنەچچە يىلنى ئۆتكۈزۈشىمىزگە قوماندانلىق قىلدى. شۇ بىرنەچچە يىلدا ئىچكى ئۆلكە، رايونلارنىڭ مەبلىغى دېڭىز ياقىسىغا توسالغۇسىز ھالدا ئاقتى.

«پەرق بەك كېڭىيىپ كەتسە، زەنجىر ئەڭ ئاجىز يېرىدىن ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ» دەپ ئەسكەرتىش بەرگەندى ئىقتىسادشۇناسلار. ئەمما بۇرۇلۇش 1994 - يىلى ئاستا - ئاستا يۈز بەردى. دوكتور يۈەن گاڭمىڭنىڭ نەزەرىدە، 1994 - يىل دىئالېكتىك تۈس بىلەن تولغان بىر يىل بولدى. بايلىق تەقسىم قىلىشتا شەرقىي قىسىمدىكى دېڭىز ياقىسىغا بەك ئېتىبار بېرىلىپ كەتكەنلىكتىن، بەزى جايلاردا شەيئى تەرەققىي قىلىپ چېكىگە يەتكەندە ئۆزىنىڭ ئەكس تەرىپىگە ئايلىنىدىغانلىقىدەك تەتۈر تەرەپكە بۇرۇلۇش ۋەزىيىتى كېلىپ چىقتى. ئۇ بولسىمۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردا ھازىرقى ئالىملارنى قايتا - قايتا چوڭقۇر ئويغا سالغان ھادىسە — دېڭىز بويىدىكى بەزى رايونلارنىڭ «كۆپۈك ئىگىلىكى» ھادىسىسى بولدى. ئىنتايىن پۇرسەتپەرەسلىك بىلەن ئەۋج ئالغان ئۆي - زېمىن قىزغىنلىقى «كۆپۈك ئىگىلىك» نىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىدۇر. بىر ۋاقىتلاردا شېنجېندا بىر كۋادرات مېتىر يەرنىڭ باھاسى 38 مىڭ يۈەنگە چىقىشتەك رېكورت يارىتىلغان. بۇنداق مەبلەغ سېلىش قىزغىنلىقى تېزلىكتىلا ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان ئىقتىسادىي تەلۋىلىكنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. يۈەن گاڭمىڭ بۈگۈنكى كۈندە ئۆتمۈشنى بىر قۇر ئەسلەپ كۆرۈپ شۇنداق ھېسابلىدىكى، كىشىلەر شەرقىي قىسىم رايونلار بىلەن غەربىي قىسىم رايونلارنىڭ پەرقىنى دەل «كۆپۈك ئىگىلىك»نىڭ ساختا

قىياپىتى ئاشكارىلانغاندىن كېيىن ئاندىن باشقا بىر نۇقتىدىن كۆزىتىدىغان بولدى.

— 90 - يىللار كىرگەندىن كېيىن، ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىم رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي ئېشىش سۈرئىتى %10 تىن سەل ئاشقان، بۇنى يۇقىرى سۈرئەتلىك ئېشىش دېگىلى بولىدۇ، شۇ ۋاقىتتا شەرقىي قىسىم رايونلار ئىگىلىكىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى %16 تىن يۇقىرى بولغان، ئىقتىسادشۇناسلار بۇنى غەيرىي نورمال يۇقىرى سۈرئەت دەپ قارىدى. شۇڭا مۇشۇ نۇقتىدىن، شەرقىي قىسىم رايونلار بىلەن غەربىي قىسىم رايونلارنىڭ 90-يىللاردىكى پەرقىنىڭ داۋاملىق چوڭىيىشىدىكى يوشۇرۇن سەۋەبنى يەنى ئۇنىڭغا ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىم رايونلار ئىگىلىكىنىڭ بەك ئاستا ئاشقانلىقى ئەمەس، بەلكى شەرقىي قىسىم رايونلىرىدا غەيرىي نورمال ئۆسۈش ئەھۋالى كېلىپ چىققانلىقى سەۋەب بولغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدىغان بولدى.

«كۆپۈك»نىڭ داۋالغۇشى 1993 - يىلى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادنى ماكرو جەھەتتىن تەڭشەش - تىزگىنلەشكە بىۋاسىتە سەۋەب بولدى. بۇ بىر ھالقىلىق نۇقتا. دوكتور يۈەن گاڭمىڭ شۇنداق دەپ ھېسابلايدىكى، دەل 1994 - يىلدىكى ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەشلا شەرقىي قىسىم رايونلار ئىگىلىكىنىڭ پەۋقۇلئاددە يۇقىرى سۈرئەتتە ئېشىشىنىڭ پەسكارىغا چۈشۈپ، نورمال سەۋىيىدە تۇرۇشىغا سەۋەب بولدى؛ ئىزچىل رەۋىشتە پۇختا قەدەم بىلەن ئۆسۈپ كەلگەن ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىم رايونلار ئىگىلىكى بولسا شۇ ۋاقىتلاردا ئۆزىنىڭ پۇختىلىقىنى كۆرسەتتى. بۇنىڭ بىلەن بىر ھەقىقىي قىياپەت ئاشكارا بولدى: شەرقىي قىسىم رايونلار بىلەن غەربىي قىسىم رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي ئېشىش نىسبىتى جەھەتتىكى پەرق شۇنىڭغا ئەگىشىپ كىچىكلىدى، غەربىي قىسىم رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمدە سېلىشتۇرما ئۈستۈنلۈك كۆرۈلدى.

ئىقتىسادشۇناسلارنىڭ ھېسابلاپ كۆرۈشىچە، شىنجاڭ بىلەن يۈننەنگە سېلىنغان مەبلەغنىڭ ئۈنۈمى چوڭ قورۇقلۇق بويىچە ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا بولغان.

بەزى كىشىلەر يۇقىرىقى ھادىسىنى چۈشەندۈرۈپ كېلىپ: غەربىي قىسىم رايونلاردا مەبلەغ بەك ئاز، شۇڭا مەبلەغ سالغان ھامان ئۈنۈمنى كۆرگىلى بولىدۇ، دېگەنىدى. بۇنداق قاراش يۈەن گاڭمىڭنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى.

— مەن بۇنداق دەپ قارىمايمەن، — دېدى يۈەن گاڭمىڭ بايىرىقى روشەن ھالدا، — مەسىلىنىڭ ماھىيىتى شۇ يەردىكى، ھازىرقى ۋاقىت غەربىي قىسىم رايونلار ئۈنۈم ھاسىل قىلىدىغان ۋاقىت.

ئەمەلىيەتتە شەرقىي قىسىم رايونلار ئىگىلىكىنىڭ پەۋقۇلئاددە يۇقىرى سۈرئەت بىلەن تەرەققىي قىلىشىدىن ئىبارەت ساختا كۆپمە ھادىسە نەزەردىن ساقىت قىلىنغان تەقدىردىمۇ، غەربىي قىسىم رايونلار ئىقتىسادىنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان ئاستا ئەمما پۇختا ھالدا ئېشىشى ئۇنىڭ بوغۇنكىدەك ئاستا كۆتۈرۈلۈپ چىقىشىغا پايانداز بولۇپ بەردى. دېمەك، غەربىي قىسىم رايونلار ئۈنۈمنى نامايان قىلىدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلدى.

«غەربىي قىسىم رايونلارغا ئېتىبار بېرىمىز دەپ شۇنچە كۆپ يىل جار سېلىپ يۈرۈپمۇ، ھەقىقىي رەۋىشتە ئېتىبار بېرەلمىگەنلىكىمىزنىڭ، ئەمما، 1996 - يىلغا كەلگەندە ئاندىن بۇنداق ئېتىبار بېرىشنىڭ باشلانغانلىقىنى ئېنىق كۆرەلىگەنلىكىمىزنىڭ سەۋەبى نېمە؟» دوكتور يۈەن گاڭمىڭ 1996 - يىلى بىزنىڭ كاللىمىزنى چىرمىۋالغان بۇ مەسىلىنى ئۆز نۇقتىسىدىن كۆزىتىپ: «بىز ئىلگىرى، ھامان، شەرقىي قىسىم رايونلار بىر قەدەر ئۈستۈنلۈككە ئىگە، غەربىي قىسىم رايونلار ناچارراق دەپلا يۈرەتتۇق، ئەمدىلىكتە قارىساق، بۇنداق دېيىش توغرا ئەمەس ئىكەن» دېدى.

ئوخشاشلا «ئۈنۈمنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش» قانۇنىيىتىنىڭ رول ئوينىشى ۋە تەسىر كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، غەربىي قىسىم رايونلارنىڭ ئۈنۈم ئۈستۈنلۈكى شۇ چاغدا بازار ئىگىلىكىنىڭ كۆپلەپ غەربىي قىسىم رايونلارغا يۈزلىنىشىگە سەۋەب بولدى. بىز كۆزىتەلىگەن يۈزەكى ھادىسىلەر شەرقىي قىسىم رايونلاردا نۇرغۇن مەبلەغ توپلىغان كىشىلەرنىڭ پۇلنى غەربىي قىسىم رايونلارغا ئاپىرىپ تىجارەتكە سالغانلىقىدىن ئىبارەت بولدى. مەبلەغنىڭ غەربىي قىسىم رايونلارغا يۆتكىلىشىدىن ئىبارەت بۇنداق ھادىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ناھايىتى كۆپ مەزمۇنلار يوشۇرۇنغان بولۇشى مۇمكىن.

— **بايلىق ئۈستۈنلۈكى.** شەرقىي قىسىم رايونلارنىڭ پىششىقلاپ ئىشلەش كەسپى ئۆزىنىڭ بايلىقىنى قېزىپ تۈگىتىپ بولاي دېگەندە ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىم رايونلارنىڭ خام ئەشيا، ماتېرىياللىرىغا بولغان بېقىندىلىقى بارغانسېرى كۈچىيىدۇ. بۇنداق ۋەزىيەت ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىم رايونلىرىنىڭ كەسپلەر قۇرۇلمىسىغا پايدىلىق تەسىر كۆرسىتىدۇ.

**ـــ ئەمگەك كۈچى بايلىقى.** مەبلەغ هامان تەننەرخ ئەڭ تۆۋەن يەرنى تېپىپ هەرىكەت قىلىدۇ. بازارنىڭ بۇ قانۇنىيىتى مەبلەغنىڭ دېڭىز ياقىسىدىن تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ ئىچكى قۇرۇقلۇققا يۆتكىلىشىگە سەۋەب بولدى. بۇ يۈزلىنىشنىڭ ئېنىق نىشانى شۇكى، ئەمگەك كۈچى زىچ مەركەزلەشكەن كەسىپلەر ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىم رايونلارنىڭ بىر قەدەر ئۈستۈنلۈككە ئىگە كەسپىي بولۇپ قالغۇسى هەمدە شەرقىي قىسىم رايونلىرىنىڭ كارخانىلىرىنى بارغانسېرى كۆپلەپ غەربىي قىسىم رايونلارغا جەلپ قىلغۇسى.

**ـــ دېهقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئۈستۈنلۈكى.** شەرقىي قىسىم رايونلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان زېمىنى بارغانسېرى سانائەت ۋە 3 ـ كەسىپ تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىنىۋاتقان، يۇتۇۋېلىنىۋاتقان ۋاقىتتا، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۈستۈنلۈكى بارغانسېرى چۆكۈپ كەتتى؛ ئەكسىچە، ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىم رايونلىرىنىڭ دېهقانچىلىق، چارۋىچىلىقى ئۆزىنىڭ غايەت زور ئۈستۈنلۈكىنى كۆرسەتتى.

ئۈستۈنلۈك ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ. كىشىلەر يەنىلا بازار ئىگىلىكىنىڭ تۆمۈر قانۇنىيىتى ئاستىدا هەرىكەت قىلىدۇ ۋە چارە تاللايدۇ. ئەمما غەربىي قىسىم رايونلىرىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىگە تاقابىل تۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭغا ئىشىنىشكە هەقلىقمىزكى، 1996 ـ يىلى كىشىلەرنىڭ پۇلنى كۆتۈرۈپ غەربىي قىسىم رايونلارغا يۈگۈرگەنلىكى ئەخلاقىي نۇقتىنى كۆزدە تۇتقانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى غەربىي قىسىم رايونلارنىڭ مەپتۇن قىلىۋالغانلىقىدىنلا بولغان.

* * *

## ئەلا ئۈمىدۋارلىق بىلەن نەزەر تاشلاش

دوكتور يۈەن گاڭمىڭ يېڭى بىر چۈشەنچە ۋە يېڭى تەپەككۇر ئېلىپ كەلدى. كىشىلەر ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىم رايونلار ئۈستىدە ئاشۇنداق ئۈمىدۋارلىق بىلەن تەهلىل يۈرگۈزۈلگەن سۆزلەرنى ئاڭلاشنى ئۈمىد قىلىشتا يۈەن گاڭمىڭنىڭ باشقىچە بىر يول تاپقانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ نۇقتىئىنەزەرىنىڭ ئالاهىدە ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتقان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەمما بىزمۇ بۇنىڭدىن بەزى يۈزەكى هادىسىلەردىن ئۆتەلەيدىغان ئۆتكۈر كۆز قاراشلارغا ئىگە بولالىشىمىز مۇمكىن. چۈنكى ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىم رايونلارنىڭ قىزىق نۇقتا بولۇپ قالغانلىقى هەرگىز يالغان ئەمەس، بەلكى پاكىتتۇر. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەتقىقاتچى ياڭ جىڭچۈ تەمىنلىگەن بەزى ئۇچۇرلار ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىم رايونلاردا كىچىككىنە «سېلىشتۇرما ئۈستۈنلۈك» كۆرۈلگەنلىكىنى باشقا بىر جەهەتتىن دەلىللەپ بەردى.

1996 ـ يىلى ئىچكى موڭغۇلدا ئاشلىقنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىش نىسبىتى جەهەتتە مەملىكەت بويىچە 1 ـ ئورۇننى ئىگىلىگەن؛ نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى بويىچە ئاشلىقتىن مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە مول هوسۇل ئېلىنغان، هەتتا نامراتلىقتا نامى چىققان شىخەيگۇدىمۇ كەڭ تۈردە مول هوسۇل ئېلىنغان.

شىنجاڭنىڭ پاختا جەهەتتىكى ئۈستۈنلۈكى ناهايىتى ئېنىق، بۇنىڭغا قىل سىغمايدۇ. تەتقىقاتچى ياڭ جىڭچۈ شۇنىڭغا ئاساسلىنىپ، 1997 ـ يىلى شۇنىڭدەك پۈتكۈل 9 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىم رايونلارنىڭ يېزا ئىگىلىكى پۈتكۈل جۇڭگو ئىگىلىكىدىكى چوڭ بىر قىزىق نۇقتا بولۇپ قالىدۇ، دېگەن هۆكۈمنى چىقاردى.

ئەمما ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىم رايونلارنىڭ يېزا ئىگىلىكى جەهەتتە پەيدىنپەي ئىپادىلىگەن سېلىشتۇرما ئۈستۈنلۈكى ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىم رايونلار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا قانداق تەسىرلەرنى كۆرسىتىدۇ؟ بۇ مەسىلە ئۈستىدىكى كۆزىتىشنىڭ نەتىجىسى ئانچە كۆڭۈلدىكىدەك بولماسلىقى مۇمكىن ـــ ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىم رايونلارنىڭ شەرقىي قىسىم رايونلارنى خام ئەشيا بىلەن تەمىنلىگۈچى جاي بولۇشتىن ئىبارەت ئوبرازى ئۇزاقتىن بۇيان ساقلىنىپ كەلگەن. دېهقانچىلىق، چارۋىچىلىقنىڭ ئېششى ئەنە شۇ سەۋەبتىن ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىم رايونلار ئىگىلىكىگە كۆرۈنەرلىك تەرەققىيات ئېلىپ كېلەلمەيدۇ. ئۇنداق بولسا، 1997 ـ يىلى بۇ ساهەدە يېڭى يۈزلىنىش بولۇشى كېرەكمۇ؟

دوكتور يۈەن گاڭمىڭ مۇنداق دەپ هېسابلىدى: بىز ئۇزاقتىن بۇيان، بايلىق بىلەن پىششىقلاپ ئىشلەش بىر-بىرىدىن مۇتلەق ئايرىلىپ تۇرىدىغان ئىككى ئىش دەپ قاراپ كەلدۇق. بۇنداق نۇقتىئىنەزەر خاتا. ئاشۇنداق كونا قائىدە ئاستىدا، يۈننەن ئەڭ ياخشى قۇرۇتۇلغان تاماكىنىلا ئىشلەپچىقىرالىدى. ئەڭ ياخشى فابرىكا تاماكىسىنى ئىشلەپچىقىرالماي كەلدى؛ يەنە ئالايلۇق، گۇاڭشى ئەڭ ياخشى شېكەر قومۇشى بازىسى بولسىمۇ، گۇاڭشى هەقىقەتەن ئەڭ ياخشى شېكەر ئىشلەپچىقىرىش بازىسى بولالمىدى. ئەمما پىلانلىق ئىگىلىك شارائىتىدا كۆپ يىل ساقلىنىپ كەلگەن بۇنداق ۋەزىيەتنى بۈگۈنكى پاكىتلار بۇزۇپ تاشلىۋىدى، يۈننەندە هازىر مەملىكەت بويىچە ئەڭ ياخشى تاماكا سانائىتى بارلىققا كەلدى، گۇاڭشىمۇ ئەلا

• سۈپەتلىك قومۇش شېكىرى ئىشلەپچىقىرىشقا تىرىشماقتا. بۇ ھال شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىم رايونلارنىڭ بايلىق جەھەتتىكى سېلىشتۇرما ئۈستۈنلۈكى ئاخىرقى ھېسابتىكى ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئايلىنىشى تامامەن مۇمكىن.

1997 ـ يىلى بۇ جەھەتتە شۇنداق بىر خىل كومېدىيىلىك مەنزىرە بارلىققا كېلىشى تامامەن مۇمكىنكى، شەرقىي قىسىم رايونلارنىڭ پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتى غەربىي قىسىم رايونلاردىن خام ئەشيا، ماتېرىيال سېتىۋېلىشقا مۇھتاج بولغاندا، غەربىي قىسىم رايونلار ئۆزىنىڭ خام ئەشيا، ماتېرىياللىرىنى شەرقىي قىسىم رايونلار كۆتۈرەلگۈسىز باھاغا ئۆستۈرۈش ئارقىلىق ئۆزىگە ئېيقالىدۇ، ئەمما بۇ ئىش قورۇقچىلىق ئۇسۇلى بىلەن ئەمەس، بازار ئىگىلىكىنىڭ ئادىل رىقابەتلىشىشى شارائىتىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ.

غەربىي قىسىم رايونلىرىنىڭ پەيدىنپەي زورىيىدىغان پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتى ئۆزىنىڭ مۇشۇ جاسارىتىنى نامايان قىلغاندا، مۇقەررەر ھالدا شۇنداق بىر يۈزلىنىش بارلىققا كېلىدۇكى، شەرقىي قىسىم رايونلىرىنىڭ نۇرغۇنلىغان مەبلىغى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرى غەربىي قىسىم رايونلارغا بىۋاسىتە يۆتكىلىدۇ ـ دە، غەربىي قىسىم رايونلارنىڭ خام ئەشيا، ماتېرىياللىرى شۇ جاينىڭ ئۆزىدىلا پىششىقلاپ ئىشلىنىدۇ.

ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىم رايونلار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى مۆلچەرلەشتە، شۈبھىسىزكى، بۇ ئۈمىدۋار قاراشتۇر. دوكتور يۈەن گاڭمىڭ ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ 1997 ـ يىلغا يۈزلىنىشتىكى ئىچكى دۇنياسىنى ئوتتۇرىغا قويدى: 1997 ـ يىلى ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىم رايونلاردىكى ئازسانلىق مىللەتلەر رايونلىرى 1996 ـ يىلدىكى ئىقتىسادىي بۇرۇلۇش ئاساسىدا يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلەيدۇ — 1997 ـ يىلى ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىم رايونلار ئىگىلىكىنىڭ ئېشىش نىسبىتى شەرقىي قىسىم رايونلارنىڭكىدىن يۇقىرى بولىدۇ.

* * *

## ئالدىمىزدا قانداق يېڭى مەنزىرە بارلىققا كېلىدۇ؟

سان ـ سىفىرلىق مۆلچەرنىڭ كىشىلەرگە بېرىدىغان تەسىرى بىۋاسىتە بولىدۇ. تەتقىقاتچى ياڭ جىڭچۈ 1997 ـ يىلى ئازسانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى يەنىلا 9 — 10 پىرسەنت دائىرىسىدە بولىدۇ، 10 پىرسەنتتىن ئېشىپ كەتمەيدۇ، دەپ ھېسابلايدىكەن. روشەنكى، تەتقىقاتچى ياڭ جىڭچۈ بىلەن پروفېسسور مارۇڭ يەتكۈزۈپ بەرگەن ئىدىيىۋى ئۇچۇر خېلىلا «تۆۋەن مۇقاملىق».

پروفېسسور مارۇڭ ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىم رايونلارنىڭ تەرەققىياتى يۈزلىنىۋاتقان بىر قاتار رېئال چەكلىمىلەرنى — ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ساپاسى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ شارائىتى، ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىم رايونلاردىكى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ زىيان تارتىش دائىرىسىنىڭ شەرقىي قىسىم رايونلارنىڭكىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، شۇنىڭدەك غەربىي قىسىم رايونلاردا ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ باشقا جايلارغا ئېقىپ كېتىشىنى توسۇۋالغىلى بولمايۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى.

پروفېسسور مارۇڭ مۇنداق دېدى: ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىم رايونلاردىكى ئازسانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا 1997 ـ يىلى ئوتتۇرىغا چىقىش ئېھتىمالى بولغان قىزىق نۇقتا مەسىلىسى ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىم رايونلارنىڭ ئۆز تەرەققىياتىنىڭ تەكشىسىزلىكىدىن ئىبارەت بولۇشى مۇمكىن. سىرتنىڭ مەبلىغى نىسبىي ھالدا مەركەزلەشكەن يۈننەن، گۇاڭشى، شىنجاڭ قاتارلىق جايلاردا يېڭى تەرەققىيات مەركەزلىرى ۋۇجۇدقا كېلىدۇ، ئەمما بۇ تەرەققىيات مەركەزلىرىنىڭ ئارقىسىدا، روشەنكى، قىياپىتىنى تېخىچە ئۆزگەرتمىگەن، يەنىلا قاتتىق ئۇيقىدا ياتقان نامراتلىق ۋەزىيىتى ساقلانغان بولىدۇ.

پروفېسسور مارۇڭ ئۆزىنىڭ بەزى قاراشلىرىنى باشقا بىر نۇقتىدىن، ئويېكتىپ ھەم سوغۇققانلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويدى. دوكتور يۈەن گاڭمىڭمۇ ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىم رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنىڭ تەكشى بولمايدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنىڭ قارىشىغا ئاۋاز قوشتى: «ئۇنۇمنىڭ ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلۇشىمۇ ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىم رايونلارنىڭ ئۆز تەرەققىياتى جەريانىدا مۇشۇ مەسىلىگە دۇچ كېلىدۇ.» شەرقىي قىسىم رايونلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرى ھەدەپ غەربىي قىسىم رايونلارغا يۆتكىلىشنىڭ يولىنى ئىزدەۋاتقاندا، مەبلەغنىڭمۇ يۇقىرى ئۈنۈم بېرىدىغان جايلارنى ئىزدىشى تۇرغان گەپ.

ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىم رايونلار ئاخىر سەھنىگە چىقىپ، بازار ئىگىلىكىنىڭ بىر قاتار قاتتىق قانۇنىيەتلىرىنىڭ رەھىمسىزلىك بىلەن سىنىشىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان چاغدا، ئالدىمىزدا قانداق يېڭى مەنزىرە بارلىققا كېلىدىكىن؟

1997 ـ يىلى بىز تولۇپ ـ تاشقان ئىشەنچ بىلەن كۈتۈپ تۇرايلى.

(زايىت رەھىم تەرجىمە قىلدى)

# مىللىي سودا ئىشلىرى — ۋاز كېچىشكە بولمايدىغان ساھە

● ياڭ دېيىڭ ●

مىللىي سودا ئىشلىرى تاۋار ئوبوروتى كاتېگورىيىسىگە تەۋە بولسىمۇ، لېكىن كونا جۇڭگوغىمۇ ياكى دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرگىمۇ ئورتاق بولماستىن، بەلكى يېڭى جۇڭگو دەسلەپ قۇرۇلۇشىنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلىدۇر. 50 - يىللارنىڭ دەسلىپىدە كەڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا «ھاكىمىيەت ئورۇنلىرى قۇرۇلماي، سودىنى ئاۋۋال يولغا قويۇش» تەدبىرى غايەت زور رول ئوينىغانىدى. مەملىكىتىمىزدە 50 - يىللار مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ «ئالتۇن دەۋرى» دەپ تەرىپلەنگەنىدى، بۇنى، شۈبھىسىزكى، مىللىي سودا ئىشلىرىنىڭ باشلامچىلىق رولى جارى قىلدۇرۇلغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، يولداش چېن يۈن: مىللىي سودا خىزمەتچىلىرى دەل مىللىي سىياسەتنى ئىجرا قىلغۇچىلاردۇر، دەپ كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدى.

40 نەچچە يىلدىن بۇيان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن مىللىي سودا ئىشلىرىنىڭ سودا خىزمىتىنىڭ بىر قىسمى، شۇنداقلا مىللەتلەر خىزمىتىنىڭمۇ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى؛ مىللىي سودا ئىشلىرىنىڭ ھەم ئۇزاق مۇددەتلىك ، مۇھىم ئىقتىسادىي ۋەزىپە، شۇنداقلا ئۇزاق مۇددەتلىك، مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە ئىكەنلىكىنى قايتا - قايتا تەكىتلەپ كەلگەنىدى. بۈگۈنكى كۈندە، چەت - ياقا، يىراق بولغان بەزى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئاساسىي قاتلام تىجارەت تور نۇقتىلىرىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىلگەنلىكى ئۈچۈن شۇ يەردىكى خەلقنىڭ كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا: «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى كېتىپ قالدى!» دېگەنلىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ مىللىي سودا ئىشلىرىغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

مىللىي سودا ئىشلىرىنىڭ ئازادلىقتىن بۇيان ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدا ئادەتتىكى سودا ئىشلىرى ئورنىنى باسالمايدىغان مۇھىم رول ئويناپ كەلگەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى بۈگۈنكى كۈندە، مەركەزنىڭ پەرقنى كىچىكلىتىپ، چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈپ، خەلقنى بېيىتىش فاڭجېنىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى نەق تەدبىر مىللىي سودا ئىشلىرىنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتتە چوقۇم ئورتاق تونۇشقا ئىگە بولۇشىمىز ھەمدە مۇناسىپ سىياسەت تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشىمىز كېرەك.

(1) مىللىي سودا ئىشلىرىغا داۋاملىق تۈردە ئالاھىدە ياردەم بېرىشىمىز كېرەك. بۈگۈنكى كۈندە، مىللىي سودا ئىشلىرى — مەيلى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانا بولسۇن، ياكى تەمىنات - سودا ھەمكارلىق كارخانىلىرى بولسۇن، ئۇلارنىڭ زىيان تارتىش نىسبىتى %80 تىن يۇقىرى بولماقتا، بۇنداق ھالەت پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئوبوروت ساھەسىدىكى ئورتاق مەسىلە بولۇپ كەلمەكتە. لېكىن ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا ئۇنىڭ يەنە بىر تەرىپىمۇ بار، ئۇ بولسىمۇ زىيان تارتىش سەۋەبى يەنە ياردەم بېرىش سىياسىتىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى تېخىمۇ ئېغىر بولماقتا. كارخانىلاردىن قارىغاندا، باراۋەرلىك ئاساسىدىكى رىقابەت ئەسلى بازار ئىگىلىكىنىڭ ئوبيېكتىپ شەرتى بولۇپ، مىللىي سودا كارخانىلىرى بۇ خىل شارائىتتىن مەھرۇم بولۇپلا قالماستىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۆكۈمەت پائالىيىتىنىمۇ ئۆز ئۈستىگە ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئاممىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەتتىن ئۈمىد كۈتۈشتەك روھىي ھالىتىدە بوشلۇق پەيدا بولدى. لېكىن بۇ خىل سىياسىي تەسىر ئادەتتىكى رايونلارغا نىسبەتەن ئانچە روشەن بولمىدى. بىراق، مالىيەدىكى «ئۆزىنى ئۆزى بېقىش»تىن ئىبارەت ۋەزىيەت ئاستىدا يەرلىكنىڭ مالىيە كىرىمى ھەقىقەتەن ھۆددىسىدىن چىقىپ كېتەلمەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن

بىردىنبىر چىقىش يولى يەنىلا دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش ھەل قىلىپ بېرىشىدىن ئىبارەتتۇر. مۆلچەرى ھېساباتقا قارىغاندا، ئىلگىرى مىللىي سودا ئىشلىرى ئۈچۈن تۆۋەن ئۆسۈملۈك قەرز بېرىش، باجنى كەچۈرۈم قىلىش، ياردەم راسخوتى بېرىش قاتارلىق ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرى بار بولغان، ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەر يىلىغا بىر مىليارد 400 مىليون يۈەن پۇل كېتىدىكەن، بۇ راسخوتنى دۆلەتنىڭ ھەل قىلىش ئىمكانىيىتى بار ئىدى. ئەمما «ئۈچ جەھەتتە ئېتىبار بېرىش» سىياسىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، دۆلەت ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن ئاجراتقان خىراجەتتىن بىر قىسمىنى چىقىرىۋېلىش يولى بىلەن مەركەز بىۋاستە باشقۇرىدىغان ، مىللىي سودا ئىشلىرى ئۈچۈن يار - يۆلەكتە بولۇشقا ئىشلىتىدىغان مەخسۇس مەبلەغ تەسىس قىلىش يولى بىلەن ھەل قىلىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، مىللىي سودا ئىشلىرىغا داۋاملىق تۈردە ئالاھىدە ياردەملەرنى بېرىش مىللىي رايونلارنىڭ ئوبوروت ساھەسىنىڭ ياكى مىللىي رايونلارنىڭ مەسىلىسىلا ئەمەس، شۇنداقلا كىم پۇل تۆلەشتىن ئىبارەت ئاددىي مەسىلىمۇ ئەمەس، بەلكى ئومۇمىيلىققا مۇناسىۋەتلىك بولغان مەسىلىدۇر، بۇنىڭغا ھەرگىز سەل قاراشقا بولمايدۇ.

(2) مىللىي سودا كارخانىلىرىنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ مەملىكەت بويىچە مىللىي سودا ئىشلىرى يولغا قويۇلغان 264 ناھىيە - خوشۇننىڭ سودا ئىشلىرى كارخانىلىرى مەيلى ئۇلار دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بولسۇن، ياكى تەمىنات - سودا ھەمكارلىق خاراكتېرىدە بولسۇن، ئۇلارنى بىردەك ھالدا جانلاندۇرۇش كېرەككى، تاشلاپ قويۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ. گەۋدىلىك مەسىلە كۆرۈلگەن كارخانىلارنى قايتىدىن قۇرۇش، ئۆزگەرتىش، شېرىكلىشىپ مەبلەغ سېلىش شەكلى ئارقىلىق، شۇ ساھە ياكى بەزى تارماقلارنىڭ چەكلىمىسىنى بۆسۈپ چىقىپ ئۈنۈمدارلىقى بولغان تىجارەتكە ئۆزگەرتىش كېرەك. ئۈنۈمنى باھالاشتىمۇ ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئىسلاھات نەتىجىسىنىڭ ئۆلچىمى قىلىپلا قويماسلىق كېرەك، ئىجتىمائىي ئۈنۈمگىمۇ سەل قارىماسلىق كېرەك. پىلانلىق باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىدىكى مىللىي سودا ئىشلىرى ئىلگىرى ئىزچىل تۈردە ئادەتتىكى رايونلاردىكى كۆچەيتىلىش سېلىشتۇرۇلۇپ، ئۇلار ئۇستىگە ئالغان ھۆكۈمەت پائالىيىتىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت بولغانىدى، ئەمدىلىكتە بۇ مەسئۇلىيەت ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىلدى، شۇنىڭ ئۈچۈن، خېلى بىر مەزگىللەرگىچە بازار ئارقىلىق تەڭشەشكىلا تايىنىۋالماي، يەنىلا پىلانلىق تەڭشەش - تىزگىنلەشنى تېگىشلىك ئورۇنغا قويۇش كېرەك. بازارنىڭ رولى مەسىلىسىدە، ھەم ئۇنىڭ ئاساسىي يول ۋە يېتەكچى ئورۇندىكى رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك، ھەم كۆپ خىل مۇلۇكچىلىكنىڭ ئورتاق تەرەققىي قىلىشىغا پائال باشلامچىلىق قىلىش كېرەك.

(3) چېگرا سودىسىغا ئومۇميۈزلۈك باھا بېرىش كېرەك ھەمدە تەدرىجىي ھالدا خەلقئارا ئادەتلەرگە يېقىنلىشىش كېرەك. ھازىر دۆلىتىمىز خەلقئارا ئادەتلەرگە تەدرىجىي يوسۇندا يېقىنلىشىش ئۈچۈن، چېگرا سودىسى ئۈچۈن يېڭى سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقتى ۋە تۈزۈپ چىقماقتا، بۇ يۈنىلىش تۇسنى ئالغان. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، پائال ئىلھاملاندۇرۇش، مۇۋاپىق باشقۇرۇش ياكى پاسسىپ ھالدا چەكلەش چېگرا سودىسىنىڭ داۋاملىق تۈردە مۇقىم تەرەققىي قىلىش - قىلالماسلىقىدىكى ئاچقۇچ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قىسقىسى، رېئاللىقنى كۆزدە تۇتماي، بەك قاتتىق باشقۇرۇۋەتكەندە، چېگرا سودىسى جەزمەن پەسىيىپ كېتىدۇ، ئاقىۋەتتە ئىگىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا زىيان بولىدۇ. قېلىپلاشقان بەزى باشقۇرۇش مەسىلىسىنى مۇلازىمەت ۋاسىتىسى دەپلا قاراش كېرەك، باشقۇرۇش نىشانىمىز چېگرا سودىسىنى جانلاندۇرۇش، چېگرا سودىسىنىڭ تەرتىپلىك تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت. ئالدىنقى بىرقانچە يىل جەريانىدا يالغان، ساختا، ناچار مەھسۇلاتلارنىڭ ئېكسپورت قىلىنىشى ئەۋج ئېلىپ كەتكەنلىكتىن، چېگرا سودىسىدىكى چوڭ دولقۇندا ئېغىر دەرىجىدە پەسىيىش كېلىپ چىقتى، ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىپ، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشنى پۈتۈنلەي چۈشىنىشكە بولىدۇ. ھازىر ھەرقايسى جايلارنىڭ چېگرا سودىسىدا ياخشىلىنىشلار بارلىققا كېلىپ، بەزى يېڭى تەرەققىياتلار بولدى. بىز مۇشۇ پۇرسەتتە چېگرا سودىسىنىڭ چېگرىنى گۈللەندۈرۈپ خەلقنى بېيىتىشتىن ئىبارەت رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش بىلەن بىللە،

ئاددىي ۋە قېلىپلاشمىغان ھالەتتىكى چېگرا سودىسىنى خەلقئارادا ئورتاق ئاقمىغان قائىدە - نىزاملار بويىچە ئېلىپ بېرىلىدىغان كۆپ خىل ئىقتىسادىي سودا ھەمكارلىقى تىپىغا قاراپ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يېتەكلىشىمىز كېرەك.

(4) ئاز سانلىق مىللەتلەر غەيرىي ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك خاراكتېرىدىكى سودا ئىشلىرىنى مىللىي سودىنىڭ ئىجتىمائىي تەركىبىي قىسمى دەپ قاراپ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. ئالدى بىلەن، بىر تەرەپلىمە قاراشلارنى تۈگىتىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدىكى غەيرىي ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك خاراكتېرىدىكى سودىنى بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر سودىگەرلىرىنى مىللىي سودا ئىشلىرىنىڭ مۇھىم ئىجتىمائىي تەركىبىي قىسمى دەپ قاراپ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ۋە تەمىنات- سودا ھەمكارلىق خاراكتېرىدىكى مىللىي سودا ئىشلىرى غەيرىي ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك خاراكتېرىدىكى سودىنى قوللاشنى ئۆز ۋەزىپىسى قىلىپ، زۆرۈر تېپىلغاندا، ئۇلارغا جاي بوشىتىپ بېرىش كېرەك. ئىككىنچىدىن، غەيرىي ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكى خاراكتېرىدىكى سودا ئىشلىرىنى بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر سودىگەرلىرىنى يەنىمۇ راۋاج تاپقۇزۇش ئۈچۈن، نىسبەت چەكلىمىسى، سۈرئەت چەكلىمىسى، كۆلەم چەكلىمىسى، دائىرە چەكلىمىسى (دۆلەتنىڭ ئېنىق مەنئى قىلغانلىرىدىن باشقا) قويماسلىق كېرەك. ئۈچىنچىدىن، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ بازار سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدىكى بازار، چېگرا بازارلىرىنى كۆپ خىل ئىگىلىك تەركىبى تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدىكى ئوبوروت ئومۇمىي گەۋدىسىنىڭ تەركىبىي قىسمى دەپ، ھەرقايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا، رايونلار ئوتتۇرىسىدا ۋە دۆلەتنىڭ ئىچى - سىرتىدا ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى چوڭ سەھنە دەپ قارىشىمىز كېرەك. تۆتىنچىدىن، رايونلار ئارا قامال قىلىۋېلىش ۋە تارماقلار ئارا بۆلۈشۈۋېلىش ۋەزىيىتىنى بوشاشماستىن قەتئىي بۇزۇپ تاشلاپ، «خەلق ئىشچىلىرى دولقۇنى»نىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىغا ئېلىپ كەلگەن ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئوبېيكتىپ ھالدا باھا بېرىشىمىز كېرەك.

(دولقۇن نىياز تەرجىمە قىلدى)

## مەكىت دېھقانلىرىنىڭ سىزما رەسىملىرى بېيجىڭدا كۆرگەزمە قىلىندى

مەكىت دېھقانلىرىنىڭ سىزما رەسىملىرى يېقىندا بېيجىڭ مىللەتلەر مەدەنىيەت سارىيىدا كۆرگەزمە قىلىندى. مەكىت دېھقانلىرىنىڭ سىزما رەسىملىرى 70- يىللاردىلا تونۇلۇشقا باشلىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ئۈزلۈكسىز تۈردە مەملىكەتلىك رەسىم كۆرگەزمىلىرىگە تاللىنىپ كەلگەن ھەمدە ھەر مىللەت دېھقانلىرىنى ئاساس قىلغان، يۇقىرى سەۋىيىلىك ئىجادىيەت قوشۇنىمۇ شەكىللەنگەن. مەكىت دېھقانلىرىنىڭ سىزما رەسىملىرى شۇ يەرنىڭ قويۇق مىللىيچە تۇرمۇشىنى مەنبە قىلغان، يېڭى ۋە ئاددىي- ساددا ئۇسلۇبقا شۇنىڭدەك كۈچلۈك يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە.

دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، قوشۇمچە دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمائىل ئەھمەد رەسىم كۆرگەزمىسىنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ تۇردى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى تۆمۈر داۋامەت، مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزىلار رەسىم كۆرگەزمىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

مەكىت دېھقانلىرىنىڭ سىزما رەسىملىرى 5 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك «10 مىڭ چاقىرىملىق چېگرا مەدەنىيەت كارىدورى قۇرۇلۇشى» نەق مەيدان يىغىنىدا كۆرگەزمىگە قاتناشتۇرۇلغان تۈرلەر سۈپىتىدە كۆرگەزمە قىلىنغانىدى.

(بۇھەجەر تەرجىمە قىلدى)

# ئۈمىد شامى خىرەلەشمىسۇن

● مۇھەممەت راخمان ●

مۇدەش تۈزۈمنىڭ نادانلىقتا قالدۇرۇش سىياسىتى ۋە باشقا تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئاپەتلەر دەستىدىن مەنۋىيىتى قاتتىق بۇلغانغان ئۇيغۇرلار نادانلىق، قالاقلىق بوشۇكىدە نەچچە ئەسىرلەپ غەپلەت ئۇيقۇسىغا پاتتى، پەقەت يېڭى دەۋردىلا ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ ئىلىم - مەرىپەتنىڭ نۇرىنى كۆرەلىدى. نۆۋەتتە، خەلقىمىز مەرىپەت دېڭىزىدا قانداق قىلغاندا قانات چىقىرىپ ئۇچقىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە چوڭقۇر ئىزدىنىش، ئويدان ئويلىنىش باسقۇچىغا كىردى. ھازىر شەھەر، بازارلارنى ئاساس قىلغان مەدەنىيەت ساپاسى نىسبەتەن يۇقىرى بولغان زور كۆپ قىسىم ئۇيغۇرلاردا بالىلار تەربىيىسىدە نۆل ياشتىن بەش ياشقىچە بولغان دەسلەپكى تەربىيە مەزگىلى ئىنتايىن مۇھىم دەيدىغان ئىلمىي قاراشنىڭ تۇرغۇزۇلۇشى ۋە بالىلارنى ئائىلىدە تەربىيىلىگەنگە قارىغاندا يەسلىدە، بالىلار باغچىسىدا تەربىيىلەشكە قىزىقىشتىن ئىبارەت بىر خىل كەيپىياتنىڭ بارلىققا كېلىشىمۇ خەلقىمىزنىڭ مەرىپەت يولىدا چوڭ قەدەم تاشلىغانلىقىنىڭ بىر تۈرلۈك ئىپادىسى. چۈنكى بالىلىرىمىزنىڭ نۆل ياشتىن بەش ياشقىچە بولغان مەزگىلى پۈتكۈل ھايات مۇساپىسىدىكى ئەڭ ھالقىلىق مەزگىلى بولۇپ، بۇ ۋاقىت كېيىنكى ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ مىللىي پىسخىكا، مىللىي خاراكتېرىنىڭ يېتىلىشىدىكى نازۇك مەزگىلى ھېسابلىنىدۇ. ھازىر دەل مۇشۇ ياشتىكى بالىلىرىمىزنىڭ ساغلاملىق دەرىجىسى ئادەمنى خۇشال قىلىدۇ. ئادەمنى تاڭ قالدۇرىدىغان ئەقلىي ئىقتىدارلىرى بىزنى ئۈمىدلەندۈرىدۇ. بىزگە ئىشەنچ بېغىشلايدۇ. بىراق، بىز بالىلار تەربىيىسىدە دەسلەپكى تەربىيە مەزگىلىنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلساقمۇ، قانداق تەربىيىلەش مەسىلىسىدە يەنىلا ئىزدىنىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقىمىز ئۈچۈن، بەزى بىر سەۋەنلىكلەردىن خالىي ئەمەسمىز. ئەگەر بىز بۇ جەھەتتە كۆرۈلگەن سەۋەنلىكلەرگە ئېتىبارسىز قاراپ ئۇنى ۋاقتىدا تۈزىتىشكە ھەرىكەت قىلمايدىكەنمىز، مىللەتنىڭ كەلگۈسىگە تولدۇرۇۋالغۇسىز زىيان سالغان بولىمىز. بۇ چوڭقۇر ئويلىنىشقا، ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك جىددىي مەسىلە. ئەپسۇسكى، نۆۋەتتە بۇ «جىددىي مەسىلە» نۇقتىسىدا كىشىنى ئازابلايدىغان تەرەپلەر خېلى كۆپ.

## روشەن سېلىشتۇرما

مەلۇم بىر خاتىرە كۈنى. چۈشتىن بۇرۇن ئۈرۈمچى ۋاقتى سائەت سەككىزلەرگە يېقىنلاشقان چاغ. مەلۇم كىنو-تىياتىرخانىدا خاتىرە كۈنى مۇناسىۋىتى بىلەن يەسلى، باغچا بالىلىرى سەنئەت پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى. زال ئىچى يەسلى، باغچا بالىلىرىنىڭ چۇرقىراشلىرى بىلەن تولغان بولۇپ، ئادەمگە سۈزۈك سۇلار شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان، ھەر خىل قۇشلار بىر - بىرى بىلەن بەسلىشىپ سايرىشىۋاتقان گۈزەل باغچا مەنزىرىسىنى ئەسلىتەتتى. بالىلىرىنى بىرگە ئېلىپ كەلگەن ئاتا - ئانىلىرىنىڭ چېھرىدە ئۈمىدكە تولغان شادلىق جىلۋىلىنەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي سەنئەت نومۇرلىرى



باشلاندى. ئاتا ـ ئانىلار ۋە پەرزەنتلەرنىڭ ئۈمىدكە تولغان نۇرلۇق كۆزلىرى سەھنىگە تىكىلدى. چىرايلىق ياسانغان بىر ئۇيغۇر، بىر خەنزۇ ئېلانچىك قىز يېنىك قەدەم تاشلاپ سەھنىگە چىقتى: ئۇيغۇر ئۇسسۇلى «دىلبەر» ــ ئېلان ئاخىرلىشىشى بىلەن سەھنىدە قايسىدۇر بىر بايراملىق تېلېۋىزىيە سەنئەت فىلىمىدە ئورۇندالغان ئۇسسۇللۇق ناخشا «دىلبەر» جاراڭلىدى. ياش قىز ـ يىگىتلەرنىڭ مۇھەببىتى تەسۋىرلىنىدىغان بۇ ئۇسسۇللۇق ناخشىغا تېخى ئەمدىلا ئۈچ ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان بىر ئۇيغۇر قىزى ئۇسسۇلغا چۈشتى. ئۇسسۇل ھەقىقەتەن ياخشى ئورۇندالدى. ئاندىن ئۇيغۇرچە «نورۇز قىزى»، «ئۇيغۇر قىزى»، «ئەرەب قىزى»، «نازىركوم»، «بايرام ئۇسسۇلى»، «يۇرتۇمدا بىر دەريا بار» قاتارلىق نومۇرلار ئورۇندالدى. خەنزۇ بالىلىرىنىڭ «مەن بېيجىڭنى سۆيىمەن»، «ھايۋانات باغچىسىدىكى شادلىق»، «ئۆردەك ئۇسسۇلى»، «گىمناستىكا»، «ياخشى ئاتا»، «مېنىڭ دوستۇم قەيەردە»، «مېنىڭ ئەمگەكچان قولۇم» قاتارلىق نومۇرلىرى ئورۇندالدى. بۇ قىممەتلىك سەنئەت پائالىيىتىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىغا خېلى كۈنلەر بولغان بولسىمۇ خىيالىمدىن زادىلا نېرى كەتمىدى. مەن ئۇيغۇر بالىلىرى بىلەن خەنزۇ بالىلىرىنىڭ ئورۇندىغان نومۇرلىرىنى خېلى كۈنلەرگىچە سېلىشتۇرۇپ كۆردۈم. سېلىشتۇرغانچە بۇنىڭ پەقەت بىر سەنئەت پائالىيىتى بولماستىن، پۈتكۈل بالا تەربىيىمىزدىكى تېپىك كەمتۈكلۈك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، بەكمۇ بىئارام بولدۇم. «دىلبەر»، «ئۇيغۇر قىزى»، «نورۇز قىزى»، «ئەرەب قىزى» قاتارلىق نومۇرلار خەلق ئىچىگە كەڭ تارقالغان مۇنەۋۋەر نومۇرلار بولسىمۇ، ناخشا تېكىستى، ئورۇنداش ئالاھىدىلىكى، باش تېمىدا ئاساسەن ياش قىز ـ يىگىتلەرنىڭ مۇھەببىتى، ئۇرغۇپ تۇرغان ياشلىق جىلۋىسى، نازۇك ھېسسىياتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. «ئەرەب قىزى» ناملىق ئۇسسۇل كىشىلەر خېلى ياقتۇرىدىغان نومۇر بولسىمۇ، يەسلى، باغچا بالىلىرىغا نىسبەتەن قارا ـ قويۇق دوراشتىن باشقا چۈشەنچە بېرەلمەيدۇ. «يۇرتۇمدا بىر دەريا بار»، «كىچىك بالا ئەمەسمەن» دېگەن بىرقانچە نومۇر گەرچە بەك كونىراپ كەتكەن بولسىمۇ، ھەر ھالدا بالىلارنىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكىگە ماس كەلگەن. ئومۇمەن كۆرەكتە بالىلىرىمىزغا ئىنتايىن يات بولغان، بالىلىرىمىزنىڭ ئېڭىدا ھېچقانداق چۈشەنچە بېرەلمەيدىغان نومۇرلار ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلىگەن. ھالبۇكى، خەنزۇ بالىلىرىنىڭ ئورۇندىغان نومۇرلىرى پۈتۈنلەي بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ھەممىسىدە ۋەتەننى، خەلقنى، سوتسىيالىزمنى، ئاتا ـ ئانىلارنى، گۈزەل تەبىئەتنى سۆيۈش، بالىلارنىڭ بەختىيار تۇرمۇشى ۋە گۈزەل كېلەچەككە بولغان ئىنتىلىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان نومۇرلار ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلىگەن. ھەممىدىن مۇھىمى خەنزۇ بالىلار ئورۇندىغان نومۇرلاردا بالىلار ھېس قىلالايدىغان، چۈشىنەلەيدىغان مەزمۇن ۋە شەكىللەر سىڭدۈرۈلگەن. ئۇنداقتا، بىزدە يۇقىرىقىدەك بالىلىرىمىز چۈشىنەلەيدىغان، ھېس قىلالايدىغان، ئۇلارنىڭ سەبىي قەلبىدە كىچىكىدىن تارتىپلا خەلقنى، ۋەتەننى، ئەمگەكنى سۆيىدىغان، تىرىشىپ ئۆگىنىپ چوڭ بولغاندا ياراملىق ئىزباسارلاردىن بولۇشقا ئۈندەيدىغان، مەزمۇنى ساغلام بولغان سەنئەت نومۇرلىرى يوقمۇ؟ بىزدىمۇ بار، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بالا ناخشىچىلىرىمىزدىن ئابدۇۋەلى ساتتار، يۈسۈپجان قاتارلىقلارنىڭ قىزىقارلىق، مەزمۇنى ساغلام بولغان قاپلىق ئۈنئالغۇ لېنتىلىرى نەشر قىلىندى. تېلېۋىزىيە سەنئەت فىلىملىرىدىمۇ بالىلار نومۇرلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈنۈۋاتىدۇ، مەخسۇس ئۆسمۈرلەرگە بېغىشلانغان «غۇنچىلار» قاتارلىق مۇنەۋۋەر بالىلار فىلىملىرى بارلىققا كېلىۋاتىدۇ، لېكىن، بۇ خىل ئىلمىي تەربىيىلەش ئۇسۇلى ئاساسەن مەدەنىيەت، ئىقتىساد مەركىزىمىز بولغان ئۈرۈمچى شەھىرىدىلا چەكلىنىۋاتىدۇ. يىراق يېزا ـ قىشلاقلىرىمىز بۇنىڭدىن خېلى يىراق تۇرماقتا. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، يەسلى، بالىلار باغچىسى تەرەققىياتىدا خېلى زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. ئىلگىرىكى ھۆكۈمەت، كوللېكتىپ باشقۇرۇشىدا سانى چەكلىك بولۇشتىن كۆپ خىللىققا يۈزلەندى. ھەتتا بەزى يېزا (بازار) لاردىمۇ يەسلىلەر بارلىققا كەلدى. ئاتا ـ ئانىلارمۇ بالىلىرىنى يەسلىگە بېرىشتە تاللايدىغان، قايسى يەسلىنىڭ تەربىيە ئۇسۇلىنىڭ ئىلمىي ئىكەنلىكى، شارائىتىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلىدىغان ياخشى شارائىت بارلىققا كەلدى. بىراق يېڭى قۇرۇلغان يەسلىلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى بىرىنچى ئورۇنغا قويغاچقا، ئىلمىي تەربىيىگە ئانچە ئېتىبار بېرىپ كەتمىدى. خېلى كۆپ قىسىم رەھبەرلىرىمىزنىڭ ۋە خەلقىمىزنىڭ يەسلىگە بولغان چۈشەنچىسى يەنىلا تازا يېتەرلىك بولۇپ كېتەلمىدى.

شۇڭا يەسلىگە، باللار باغچىسىغا تەربىيىچى تالللاشتا باشتىن-ئاخىر سوپەت ئۆتكىلىنى تازا چىڭ تۇتالمىدى. بۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم بىلىم يۇرتلىرى جەمئىيەت ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، مەخسۇس يەسلى، باللار باغچىسى تەربىيىچىلىرىنى يېتىشتۈرگەن بولسىمۇ، ئاساسەن ئۆز كەسپىدە ئىشلەش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمىدى. نەتىجىدە دۆلەتكىمۇ، يەسلى، باغچا باللىرى كەسپلىرىدە ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلارغىمۇ، باللىرىمىزغىمۇ زىيان بولۇشتەك كۆڭۈلسىز ئەھۋال بارلىققا كەلدى. ماتېرىياللاردىن كۆرۈشۈمىچە، روسىيە ۋە غەربتىكى بىر قىسىم تەرەققىي قىلغان ئەللەردە يەسلى، باللار باغچىسى تەربىيىچىسى بولۇشنى ئەڭ شەرەپلىك خىزمەت دەپ بىلىدىكەن. دۆلەتمۇ باللارغا بېرىدىغان دەسلەپكى تەربىيىنىڭ مۇھىملىقىغا ئەھمىيەت بەرگەچكە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئەڭ مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلارنى يەسلىگە، باللار باغچىسىغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئىش ھەققىمۇ باشقا ساھەلەردىكىدىن يۇقىرى بولىدىكەن. بەلكىم بىزدە بۇنچىلىك ئومۇمىيلىققا ئىگە بولغان ئاشۇنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىگە مەلۇم جەريان كەتسە كېرەك.

### ئەۋلادلىرىمىزنىڭ تىلى گۈزەل بولسۇن

دۇنيا گۈزەللىك بىلەن خۇنۇكلۇكنىڭ ئۆزئارا بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان. گۈزەللىكلا جىمىكى مەۋجۇداتنىڭ ھاياتلىق مەنبەسى. ئەگەر گۈزەللىك بولمىغان بولسىدى، مەۋجۇداتلارنىڭ ياشاشقا بولغان ئىنتىلىشى بولمىغان بولاتتى. ئادەممۇ ھەم شۇنداق. ئادەممۇ گۈزەللىككە ئىنتىلگەنلىكى ئۈچۈن كۆپىيەلىگەن، ھازىرقىدەك گۈزەل دۇنيانى قۇرالىغان. ئۇنداقتا، ئادەم ئۈچۈن ئەڭ ئالىي گۈزەللىك نېمە؟ مېنىڭچە، ئادەم ئۈچۈن ئەڭ ئالىي گۈزەللىك پەرزەنت بولسا كېرەك. چۈنكى، ئادەم ئۈچۈن ئەڭ گۈزەل بولغىنى بەختىيار ھايات. پەرزەنت بولسا ئەنە شۇ ھاياتنىڭ مەڭگۈلۈك داۋامى ۋە ئۈمىدى. پەرزەنتلەرنىڭ گۈزەللىكى بولسا ئۇنىڭ ۋايىغا يەتكەن ھۆسن - جامالى بولماستىن بەلكى تېخىمۇ گۈزەل بولغان كېلەچەكنى يارىتىش ئىقتىدارىدىن ئىبارەت. شۇڭا پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ئاتا - ئانىلىرى، تەربىيە سورۇنى بولغان يەسلى، باللار باغچىسى قاتارلىق ئورۇنلار يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بىلەن پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەپ چىقىشى، تېخىمۇ گۈزەل بولغان كېلەچەك ۋە ئۈمىدنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت روھنى باللار ۋۇجۇدىدا يېتىلدۈرۈشى كېرەك. بىراق ھازىرقى بالا تەربىيىمىزدە نۇقسانلار كۆپ. ئەنە شۇ نۇقسانلارنىڭ يىلتىزى يەنى بىرىنچىسى، باللىرىمىزنىڭ تىلى گۈزەل تىل بىلەن ئەمەس، ئادەمنى سەسكەندۈرىدىغان سەت تىل بىلەن چىقىشىدۇر. بىراق يېزا - قىشلاقلىرىمىزدىكى باللىرىمىزنى قويۇپ تۇرايلى، شەھەرلەر ۋە بازارلاردىكى مەدەنىيەتلىك ئۇيغۇرلارنىڭ تېخى ئەمدىلا يەسلى تەربىيىسىدە ئۆسۈۋاتقان، تىلى يېڭى چىقىۋاتقان باللارنىڭ ئاغزىدىن ئىنتايىن سەت گەپلەرنى ئاڭلىغىلى بولىدۇ. تۆۋەندە تىلى بەك سەت بولمىسىمۇ، مەزمۇنى ئانچە ساغلام بولمىغان بىر كۇپلېت قوشاقسىمان نەرسىگە دىققىتىمىزنى ئاغدۇرۇپ كۆرەيلى.

ئاتام پوق، ئىشتىنى يوق.

ئۆيىگە كىرسە، خوتۇنى يوق.

مانا بۇنىڭ ئورنىغا يۇرتنى، مىللەتنى، ئىلىم - پەننى مەدھىيىلەيدىغان بىرەر كۇپلېت شېئىر ئۆگىنىۋالغان بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى، پەرزەنتلىرىمىز بۇنداق نەرسىلەرنى نەدىن ئۆگەنگەن ئەمىسە؟ ئائىلىدىمۇ ياكى يەسلىدىمۇ؟ مېنىڭچە، ھەر ئىككىلىسىدە بولسا كېرەك. تىلى گۈزەل بولۇش، ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان مىللىتىمىزدە شەكىللەنگەن مىللىي ئەنئەنە شۇنداقلا مىللىي خاسلىقىمىزدۇر. شۇڭلاشقا، كۆپىنچە ئاتا - ئانا پەرزەنتلىرىگە ئېلىپ بارىدىغان تەربىيىدە تىلى گۈزەل بولۇشنى، ئەدەبلىك بولۇشنى ئالاھىدە ئورۇنغا قويىدۇ. بۇ خىل ھالەت كىچىكلەر بىلەن چوڭلار، ئەرلەر بىلەن ئاياللار، ياشانغان ئەر ياكى ئايال بىلەن قىز - يىگىتلەر، ئاتا - ئانا بىلەن بالا، تەڭتۇش دوست- يارەنلەر، قىز - يىگىتلەر، ئەل، ئۇرۇق - تۇغقانلار ئارا ئىشلىتىلىدىغان تىلدا ئۆزگىچە بولغان بىر خىل ئالاھىدىلىكنى شەكىللەندۈرگەن. مەسىلەن، كىچىك بىر بالا ياكى ياش قىز - يىگىتلەر ياشانغان بىرەرسىنىڭ ئالدىدا سەت گەپ قىلسا، گېپىنى قايرىپ قويسا، گېپىگە لوقما سالسا، بۇ ئىنتايىن ئەدەبسىزلىك ھېسابلىنىدۇ. بۇنداقلار ئەقىلسىز سانىلىدۇ. بىزنىڭ تىل گۈزەللىكىمىز ئۆزئارا ئالاقە، كىشىلىك مۇناسىۋەتتە ئىپادىلىنىپ قالماي، كىشى ئىسىملىرىگىچە سىڭىپ كەتكەن. شۇڭا، ئىسىملار گۈل، ئاي، خان، جان دېگەندەك سۈپەت سۆزلىرى بىلەن قوشۇلۇپ تۈزۈلىدۇ. ئۇيغۇرلار بۇرۇندىن تارتىپلا تىل

گۈزەللىكىگە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەچكە، ئىناق - ئىتتىپاق ئۆتكەن. ھەتتا بۇ خىل ئالاھىدىلىك مىللىتىنىڭ نامى سۈپىتىدە يەنى «ئۇيۇشقاق مىللەت»، «ئىتتىپاقلىشالايدىغان مىللەت» دەپ قوللىنىلغان، ئەمىسە بۇ خىل گۈزەل ئەنئەنىمىز نېمە ئۈچۈن ھازىرقى ۋاقىتقا كەلگەندە بۇزۇلۇشقا باشلايدۇ. نېمە ئۈچۈن يەسلى يېشىدىكى پەرزەنتلىرىمىزگىچە كېڭىيىدۇ؟ بۇ ھەقتە ئويلىنىشىمىز ۋە پەرزەنتلىرىمىزنى گۈزەل كېلەچەككە ئىگە قىلىش ئۈچۈن تەربىيىنى كۈچەيتىشىمىز، بولۇپمۇ دەسلەپكى تەربىيىگە بەكرەك كۈچ سەرپ قىلىشىمىز كېرەك.

## بالىلاردا ساغلام خاراكتېر يېتىلدۈرەيلى

يېقىندا چەت ئەلنىڭ مەلۇم بىر تېلېۋىزىيە تەرجىمە فىلىمىنى كۆرۈپ قاتتىق تەسىرلەندىم. فىلىمدە مۇنداق بىر ۋەقەلىك تەسۋىرلەنگەن: ھەددى - ھېسابسىز بايلىقنىڭ بىر مىراسخورى تاسادىپىي سەۋەب تۈپەيلى ئافرىقا قىتئەسىدىكى بىر قەدىمكى ئورمانلىقتا مايمۇنلار توپى ئارىسىدا تۇغۇلۇپ، مايمۇنلار ئارىسىدا چوڭ بولىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ گەرچە بىر ئادەم بولسىمۇ، مايمۇنلار ئارىسىدا چوڭ بولغاچقا، ئادەم سۈپەت مايمۇن بولۇپ قالىدۇ. ئۇ كېيىن تازا يىگىتلىك دەۋرىگە قەدەم باسقاندا ئېكسپېدىتسىيىچىلەر تەرىپىدىن بايقىلىپ، مەدەنىيەتلىك ئىنسانلار جەمئىيىتىگە قايتۇرۇپ كېلىنىدۇ. شۇنداقلا رەسمىي تەربىيىلىنىدۇ. كېيىن ئۇ ھەددى - ھېسابسىز بايلىقنىڭ رەسمىي مىراسخورى بولۇپ قالىدۇ ھەم بىر قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ شەكلى ئادەم، روھىي دۇنياسى مايمۇن بولغاچقا، مەدەنىيەتلىك ئىنسانلار جەمئىيىتىدىن، ھەددى - ھېسابسىز بايلىقتىن، مۇھەببەتتىن ئۆزىنىڭ مايمۇنلۇق تۇرمۇشىنى ئەلا بىلىپ، ئاخىرى يەنە ئافرىقىدىكى مايمۇنلار توپىغا قوشۇلۇپ كېتىدۇ. بۇ گەرچە بىر بەدىئىي توقۇلما بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدا ھەرقانداق جانلىقنىڭ ئۆزى پەيدا بولۇپ چوڭ بولۇش مۇھىتى بولىدىغانلىقى، بۇ خىل مۇھىتتىن ئايرىلسا، باشقا نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدىغانلىقتىن ئىبارەت پەلسەپىۋى پىكىر ئالغا سۈرۈلگەن. بەلكىم بۇنى بەزىلەر بەرىبىر بەدىئىي توقۇلما، رېئاللىققا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ دېيىشى مۇمكىن. لېكىن يېقىنقى زامان ئالىملىرى ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق فىلىمدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىرنىڭ بەدىئىي توقۇلما بولماستىن، ئىلمىي قانۇنىيەت ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ چىقتى. بىز مۇشۇ خىل قانۇنىيەت بويىچە دەسلەپكى تەربىيە باسقۇچىدىكى بالىلىرىمىزنىڭ تەربىيىلىنىش جەريانىنى كۆزىتىدىغان بولساق، بۇ جەھەتتىمۇ بەزى مەسىلىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز، ئۇ بولسىمۇ بىر قىسىم ئاتا - ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئۆزىنىڭ مىللىي مۇھىتىدىن ئايرىلغان باشقا بىر خىل تۇرمۇش ئادىتىگە زورلاشتىن ئىبارەت. مەسىلەن ئۈچۈن ئېيتساق، دەسلەپكى تەربىيە مەركىزىدىكى بالىلارنىڭ دىن ۋە چەت ئەل مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىشى قاتارلىقلار. يېزىلارنى مەركەز قىلغان، شەھەر، بازارلاردىكى بىر قىسىم خەلقىمىز بالىلىرىنىڭ دەسلەپكى تەربىيە مەركىزىدە ھەر خىل دىنىي بىلىملەرنى ئۆگىنىشىگە خېلى ئەھمىيەت بېرىدۇ. ھەتتا بەزى تىلىمۇ ئۇزۇۋكرەك چىقمىغان بالىلىرىمىز ئۆزىگە يۇتۇنلەي ناتونۇش بولغان جىن - شاياتۇنلاردىن قاتتىق قورقىدىغانلىقىنى ئېيتىشىدۇ ۋە بىر ئۆيدىن ئىككىنچى ئۆيگىمۇ كىرەلمەيدۇ. مانا بۇ پەرزەنتلىرىمىزنىڭ باشقا بىر خىل خاراكتېردە چوڭ بولۇۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇيغۇرلاردىكى قەيسەر، باتۇر، ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان خاراكتېر ئۇزۇن تارىخىي جەرياندىن شەكىللەنگەن. ئەجدادلىرىمىز ئۇزاق تارىختىن بۇيان ئۆزى ياشىغان تەبىئىي شارائىتى ئىنتايىن جاپالىق شارائىتتا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ پارلاق مەدەنىيەت ياراتقان. شۇنداقلا ۋۇجۇدىدا قەيسەرلىك، باتۇرلۇق چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. دېمەك دىنىي تەربىيىنىڭ بەك بالدۇر باشلىنىشى پەرزەنتلىرىمىزنىڭ خاراكتېرىدە يېتىلىشكە تېگىشلىك بولغان باتۇرلۇق، قەيسەرلىك روھىي ھالىتىنى قىسمەن ئۆلتۈرۈشى مۇمكىن. ئازادلىقتىن كېيىن ئۇيغۇرلار كومپارتىيىنىڭ غەمخورلۇقىدا ئەڭ زور باراۋەرلىككە، تەرەققىيات پۇرسىتىگە ئېرىشتى. پارتىيىمىز جۇڭگو مەدەنىيىتىدە ئۆزگىچە بىر خوش پۇراق گۈل بولغان ئۇيغۇرلار مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇشنى زور دەرىجىدە تەشەببۇس قىلدى ھەم قانۇن ئارقىلىق قوغدىدى. دېمەك بىز مىللىي ئەنئەنىمىزنى جارى قىلدۇرۇش، تەرەققىي قىلدۇرۇش، دۇنيادىكى بارلىق مىللەتلەرگە ئوخشاش مەۋجۇت بولۇشنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرسىتىگە ئېرىشتۇق. شۇڭا بىز پارتىيىمىز كۆتكەندەك پەرزەنتلىرىمىزنى مىللىتىنى سۆيىدىغان، مىللىي مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرالايدىغان، پۈتكۈل جۇڭگو مىللەتلىرى بىلەن تەڭ زامانىۋىلاشقان مىللەت بولۇپ يېتىشىپ چىقىشقا تۆھپە قوشالايدىغان قىلىپ

تەربىيىلىشىمىز كېرەك. ئەگەر بىز يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويغىنىمىزدەك بالىلىرىمىزنىڭ ئۆسۈپ ـ يېتىلىشىدىكى ئەڭ مۇھىم مەزگىلى بولغان دەسلەپكى تەربىيە مەزگىلىدىلا دىنىي ۋە باشقا بىر خىل مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلىشقا زورلايدىغان بولساق، بالىلىرىمىزدا ساغلام بولغان مىللىي روھىي ـ ھالەت، مىللىي خاراكتېر، مىللىي بۇرچ تۇيغۇسى ئاجىزلىشىدۇ، ھەتتا يوقىلىشى مۇمكىن. مىللىي خاراكتېرى بولمىغان ئادەمنىڭ مىللىي بۇرچ تۇيغۇسى بولمايدۇ. مىللىي بۇرچ تۇيغۇسى بولمىغان ئادەم ئۆز مىللىتى ئۈچۈن تۆھپە قوشالمايدۇ. شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، مىللىي خاراكتېر، مىللىي بۇرچ تۇيغۇسى قايسى مىللەتتە كۈچلۈك بولسا، شۇ مىللەت قۇدرەت تاپالايدۇ، ئىتتىپاقلىشالايدۇ. مەسىلەن، نېمىس مىللىتى ئۆزىنى ئەڭ ئۇلۇغ مىللەت، ساپ ئارىيان نەسلى دەپ قارايدىكەن. نېمىس مىللىتىدە ئۆزىگە ئىشىنىش، ئۆز مىللىتىنى سۆيۈش، مىللىتى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشقا بارلىقىنى تەقدىم قىلىشتىن ئىبارەت مىللىي خاراكتېر بولغاچقا، ئاجايىپ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلىگەن. ياپون مىللىتىدىمۇ ئۆز مىللىتىنى ئۇلۇغلايدىغان داخې روھى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. ياپون مىللىتى 50 يىل جاپالىق كۈرەش قىلىش ئارقىلىق دۆلەتنى ھازىرقى دۇنيا بويىچە ئەڭ قۇدرەتلىك ئىقتىسادىي كۈچكە ئىگە دۆلەتكە ئايلاندۇردى. دېمەك، نېمىس مىللىتى بىلەن ياپون مىللىتىنى ئەنە شۇنداق يېڭىلمەس روھقا ئىگە قىلغان مەنىۋى تۈۋرۈك ساغلام مىللىي خاراكتېردىن ئىبارەت. شۇڭا بىز مىللەتنى روناق تاپقۇزۇپ ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى باشقا مىللەتلەر بىلەن بىر قاتاردا جۇڭخۇا ئېلىنى گۈللەندۈرۈشكە تېگىشلىك تۆھپە قوشۇش ئۈچۈن ، ئالدى بىلەن بالىلىرىمىزدا ساغلام مىللىي خاراكتېرنى يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. بىزدە نۆۋەتتە ئىتتىپاقلىقنىڭ ئاجىز بولۇشىمۇ مىللىي خاراكتېرىمىزنىڭ ئاجىزلاشقانلىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. شۇڭا، بالىلىرىمىزنىڭ ساغلام ئۆسۈپ ـ يېتىلىشى ئۈچۈن، ئۇلارغا بولغان مەنىۋى مەدەنىيەت تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنى كىچىكىدىن ۋەتەننى، خەلقنى، ئەمگەكنى، ئىلىم ـ پەننى، سوتسىيالىزمنى قىزغىن سۆيىدىغان ۋە كەلگۈسىنى قۇرۇپ چىقىش يولىدا جاپاغا چىداپ تىرىشىپ ئۆگىنىپ، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ ئىشلەيدىغان روھقا ئىگە قىلىشىمىز كېرەككى، ئىتتىپاقسىزلىق ئىللەتلىرىنى ئۇلارغا يۇقتۇرماسلىقىمىز كېرەك.

(ئاپتور: «تورپان گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە)

(سۈرەتنى فاتىخ شەرىف تارتقان)

## ئۆلۈپ كېتىش يېشىنى ئالدىن مۆلچەرلەشكە بولىدۇ

دۆلىتىمىز خەلقى ئارىسىدا: 73 ياش ياكى 84 ياشتا ئەزرائىل چاقىرتمىسىمۇ ئۆزۈك كېتىسەن، دەيدىغان گەپ بار. دېمەك، ئادەم 73 ياشقا ياكى 84 ياشقا كىرگەندە ئاسان ئۆلۈپ كېتىدۇ، بۇ ئەمەلىي پاكىتلار ئارقىلىق ئىسپاتلانغان بولۇپلا قالماستىن، مەلۇم ئىلمىي ئاساسقىمۇ ئىگە.

تەتقىقات خادىملىرى شۇنى بايقىغانكى، ئادەمنىڭ ئۆسۈشى، يېتىلىشى، قېرىشى ۋە ئۆلۈپ كېتىشى فىزىئولوگىيىلىك رىتىم بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئۇنداق رىتىمنىڭ ئايلىنىپ دەۋرىي ھاسىل قىلىشى يەتتە يىل ياكى سەككىز يىل بولىدۇ. ھەر بىر دەۋرىي ئايلىنىش مەزگىلىدە ھاياتلىق ئىقتىدارىنىڭ يۇقىرى پەيتى بىلەن تۆۋەن پەيتى يەنى «ھاياتلىق ئىقتىدارى كۈچەيگەن يىل» ۋە «ھاياتلىق ئىقتىدارى زەئىپلەشكەن يىل» نۆۋەت بىلەن ھاسىل بولىدۇ. ئەگەر يەتتە يىلدا بىر دەۋرىي بولۇپ ئايلانسا، 7، 14، 21... 84 بولىدۇ، ئەگەر سەككىز يىلدا بىر دەۋرىي بولۇپ ئايلانسا، 8، 16، 24، ... 72 بولىدۇ. ھەر بىر دەۋرىي ئايلىنىشنىڭ ئاخىرقى يىلى «ھاياتلىق ئىقتىدارى زەئىپلەشكەن يىل» بولىدۇ، ئادەم ئاشۇ يىلدا ئاسان ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئادەملەرنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن «ھاياتلىق ئىقتىدارى زەئىپلەشكەن يىل» بالدۇر ياكى كېچىكىپرەك كېلىدۇ. ياش ۋاقتىدا سالامەتلىكى ياخشى، زېھنى قۇۋۋىتى جۇشقۇن بولغاچقا، ھاياتلىق ئىقتىدارىنىڭ دەۋرىي ئايلىنىش ئالامەتلىرى دېگەندەك روشەن بىلىنمەيدۇ. ئوتتۇرا ياشلىق بولغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ 50 ياشتىن ئۆتكەندىن كېيىن بۇنداق ئالامەتلەرنىڭ چەك ـ چېگرىسى كۆنسېرى روشەنلىشىپ بارىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، «ھاياتلىق ئىقتىدارى زەئىپلەشكەن يىل» (يەتتە ياكى سەككىزنىڭ ھەسسىلىنىشى)، يېمەك ـ ئىچمەك ۋە كۈتۈنۈشكە ئالاھىدە دىققەت قىلىپ، سالامەتلىكنىڭ ياخشى ۋە كەيپىياتنىڭ مۇقىم بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، خەۋپلىك مەزگىلدىن ئامان ـ ئېسەن ئۆتۈپ، ئىككىنچى بىر ئايلىنىش دەۋرىگە ئۇتۇشلۇق ھالدا قەدەم تاشلاش كېرەك، شۇنداق قىلغاندا، يەتتە يىل ياكى سەككىز يىل ئارتۇق ئۆمۈر كۆرگىلى بولىدۇ.

(باھارگۈل ئەخمەت تەرجىمە قىلدى)

# مىللەتنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتە ئاتا - ئانىلار- نىڭمۇ بۇرچى بار

● رامىلە ئابدۇرېھىم ●

پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 - ئومۇمىي يىغىنىدا، پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈش مەسىلىسى نۆۋەتتىكى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى تەرىقىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلدى. مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش ساپاسىنى ئۆستۈرۈش مىللەتنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم ھالقا ھېسابلىنىدۇ.

مەن بىرنەچچە يىللىق ئوقۇتۇش ۋە سىنىپنى يېتەكلەش تەجرىبەمگە ئاساسەن، ئۆز بالىلىرىنىڭ بىلىمنى پۇختا ئىگىلەپ، جەمئىيەت ئۈچۈن ياراملىق ئادەم بولۇپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىدىغان ئاتا - ئانىلار بىلەن تۆۋەندىكى پىكىردە ئورتاقلاشماقچىمەن:

بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ھەرقايسى جەھەتلەردىن ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشى ئوقۇتقۇچى، مەكتەپ ۋە جەمئىيەتتىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپ تەربىيىسىنىڭ زىچ بىرلەشكەنلىكىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، تەلىم - تەربىيە خىزمىتىدە بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىغا ھەرگىز سەل قاراشقا بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بالىنىڭ تەربىيىلىنىشىدە ئوقۇتقۇچىنىڭلا ئەمەس، ئائىلە باشلىقلىرىنىڭمۇ تۇتقان ئورنى ئىنتايىن مۇھىم بولىدۇ. شۇغىنىسى، ھازىر خېلى بىر قىسىم ئاتا - ئانىلار بالىلارنى تەربىيىلەش مەكتەپنىڭ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭلا ۋەزىپىسى، دەپ قارايدۇ. ئۇلار مەكتەپ تاللاشقا، ئوقۇتقۇچى تاللاشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ - يۇ، بالىلىرىغا بولغان ئائىلىۋى تەربىيىگە ئانچە ئەھمىيەت بېرىپ كېتەلمەيدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن، ئوقۇغۇچىلارغا كۆپ ئەجىر سىڭدۈرۈلسىمۇ، خۇددى قۇملۇق يەرگە سېپىلگەن سۇغا ئوخشاش بىھۇدە بولۇپ قېلىپ، تازا دېگەندەك ئۈنۈمى بولماسلىقتەك مەسىلىلەر كېلىپ چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئاتا - ئانىلارنىڭمۇ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭمۇ ئاغرىنىشى ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان. ئاتا - ئانىلار، ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇتۇش سەۋىيىسى يۇقىرى ئەمەس، دەپ ئاغرىنسا، ئوقۇتقۇچىلار، ئائىلە تەربىيىسى ئوبدان بولمىغان، قاتتىق ئەمەس، دەپ ئاغرىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە بالىلارنىڭ ئۆگىنىشىنىڭ ياخشى بولۇشى يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك ئوقۇغۇچى، ئاتا - ئانىلار ۋە ئوقۇتقۇچىلاردىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ



بىردەك ماسلىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇنداقتا، ئاتا ـ ئانىلار سۆيۈملۈك پەرزەنتلىرىنىڭ يارامىلىق ئادەم بولۇپ چىقىشى ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلىشى لازىم؟

1. ئائىلە باشلىقى بولغۇچىدا بىر ياخشى باشلىنىش نۇقتىسى بولۇشى لازىم. يەنى ئىشنى باشتىن چىڭ تۇتىدىغان مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بولۇشى، مەسىلە يۈز بەرسە ۋاقتىدا ئوقۇتقۇچى بىلەن كۆرۈشۈپ ئەھۋال ئۇقۇشىدىغان ياخشى ئىستىل بولۇشى لازىم. ئائىلە باشلىقى بولغۇچى ئاتا ـ ئانا پەرزەنتى مەكتەپكە كىرگەن ھامان، شۇ مەۋسۇمدە ئۆتۈلىدىغان دەرسلىك، ئوقۇتقۇچىنىڭ تەلەپلىرى، ئوقۇتۇشقا دائىر ماتېرىياللار قاتارلىقلار توغرىسىدا ئېنىق چۈشەنچە ۋە تونۇشقا ئىگە بولۇشى لازىم.

2. باللارنىڭ دەرستىن قېچىقالماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. ئۆگزىگە چىقىشتا، شوتىنىڭ بىرىنچى بالدىقىنى قويۇپ، بىراقلا ئىككىنچى بالدىقىغا دەسسەپ يۇقىرىغا ياماشماق قىيىن بولغاندەك، بىلىم ئىگىلەشتىمۇ ئالدىنقى بىر سائەتلىك دەرسنى چۈشەنمەي تۇرۇپ كېيىنكى دەرسلەرنى ئىگىلەپ كېتىش مۇشكۇل ئىش. شۇڭا، ئاتا ـ ئانا بولغۇچى بالىنىڭ بىرەر سائەتلىك دەرستىن قېچىقېلىشىغىمۇ سەل قارىماسلىق لازىم.

3. بەزى ئائىلە باشلىقلىرى باللىرىنى ئۇرۇق ـ تۇغقان، ئەل ـ ئاغىنىلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە ھەتتا رېستورانلارغا ئاپىرىشنى ياخشى كۆرىدۇ. بۇنداق ئىللەتلەر ئوقۇغۇچىلارغا كۈچلۈك دەرىجىدە يامان تەسىر بېرىدۇ، ئوقۇغۇچىنىڭ كاللىسىدا ئوقۇش مۇھىم ئەمەس ئىكەن، ياخشى يەپ، ياخشى كىيىنىش كېرەك ئىكەن دەيدىغان تۇيغۇنى شەكىللەندۈرۈپ قويىدۇ. شۇڭا ئاتا ـ ئانا بولغۇچى بۇنداق تەرەپلەرگىمۇ دىققەت قىلىش لازىم.

4. باللارغا جايىدا بېرىلگەن ياخشى باھا خۇددى بىمارغا دەل ۋاقتىدا بېرىلگەن شىپالىق دورىغا ئوخشاش ئۈنۈم ھاسىل قىلىدۇ. ئاتا ـ ئانا بولغۇچى بالىدىكى يېتىلىۋاتقان ئازدۇر ـ كۆپتۇر مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ، ئالغا ئىنتىلىش كەيپىياتىنى ماختاپ تۇرۇشى، ئۇنىڭ ئالغا باسقان تەرەپلىرىنى رىغبەتلەندۈرۈپ تۇرۇشى، ماختاشتا كەڭ قورساقراق بولۇشى، بولۇپمۇ مەنىۋى جەھەتتىن ئىلھاملاندۇرۇپ تۇرۇشى لازىم.

5. خەلق ئارىسىدا «ئۇون باش ئۇكىلۈق باش» دېگەن ماقال بار. دېمەك ئۆزئارا ماسلاشقان ۋە بىرلەشكەندىلا ھەرقانداق مەسىلىنى ئاسان ھەل قىلغىلى بولىدۇ. ئوقۇتقۇچى بىلەن ئاتا ـ ئانا بولغۇچى ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا خىزمەت ئىشلىمەي، ئۆزئارا بىر- بىرىنى قوللىشى ھەم ئۆزئارا ماسلىشىشى لازىم. ئائىلە باشلىقى باللار ئالدىدا ھەرگىزمۇ ئوقۇتقۇچىلارنى خالىغانچە ئەيىبلىمەسلىكى، سۈندۇرماسلىقى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ باللار قەلبىدىكى مۇقەددەس ئوبرازىغا نۇقسان يەتكۈزۈپ قويماسلىقى، بالىنى ھېچكىمنى ھۆرمەتلىمەيدىغان، ھېچكىمنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايدىغان قىلىپ قويماسلىقى لازىم.

6. بالىنىڭ ئىمتىھان نەتىجىسىگە ھەددىدىن زىيادە ئەھمىيەت بېرىپ كەتمەسلىكى كېرەك. ئوقۇغۇچىنىڭ ئىمتىھان نومۇرى ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆگىنىش ئەھۋالىنى ئۆلچەيدىغان بىر تەرەپتىنلا ئىبارەت. نومۇرنىڭ يۇقىرى- تۆۋەن بولۇشى ئىمتىھان سوئالىنىڭ ئاسان ـ قىيىنلىقى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىمتىھان مەيدانىدىكى كەيپىياتىنىڭ ياخشى ـ يامانلىقى قاتارلىق تاسادىپىي ئامىللار بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئائىلە باشلىقى بولغان كىشى ئوقۇتقۇچىلاردىن ئىگىلەيدىغان مەسىلە نومۇرلا بولماستىن، باللارنىڭ ئۆگىنىش ئاكتىپلىقى، ئۆگىنىش پوزىتسىيىسى، تاپشۇرۇق ئىشلەش ئەھۋالى، ئالاھىدە ئارتۇقچىلىقى ۋە كەمچىلىكلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى چوقۇم ئىگىلەپ تۇرۇشى لازىم.

7. ۋاقتىدا ئىنكاس قىلىش، ھەرگىز لاپ ئۇرماسلىق كېرەك. ئەگەر بالىنىڭ ئۆگىنىشىدە بىرەر داۋالغۇش مەسىلىسى كۆرۈلسە، كېيىنكى قېتىملىق ئاتا ـ ئانىلار يىغىنىنى ساقلاپ ئولتۇرماي، ۋاقتى ـ ۋاقتىدا ئوقۇتقۇچى بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرۇشى لازىم.

8. كۆكزى «ئۆزى توغرىنىڭ سۆزى ئاقۇر، ئۆزى ئەگرىنىڭ كىمگە ياقۇر» دەپ ئېيتقانىكەن. ئائىلە باللار تۇرمۇشىدىكى بىرىنچى مۇھىت بولۇپ، ئاتا ـ ئانىلار باللارنىڭ بىرىنچى مۇئەللىمى ھېسابلىنىدۇ. ئائىلە مۇھىتى بىلەن ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئىدىيىۋى ھەرىكىتى،

تۇرمۇش ئىستىلى، ھەۋەس - ئىنتىلىشلىرى ئوقۇغۇچىغا ھەر ۋاقىت، ھەر جايدا ئۈن - تىنسىز تەسىر قىلىپ بارىدۇ. شۇڭا ئاتا - ئانا بولغۇچى ئائىلىدە ئالدى بىلەن ئۆزى ئۈلگە بولۇپ تۇرۇپ، قەلب ئارقىلىق قەلبنى يېتىلدۈرۈشكە ماھىر بولۇشى، بالىنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى ۋە خاسلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ھەرقايسى جەھەتلەردىن ئەتراپلىق تەربىيە بېرىپ تۇرۇشى لازىم.

9. ئەڭ ياخشى تەربىيە تەربىيە ئالغۇچىغا سېزىلمەيدىغان تەربىيىدۇر. كىتاب ئادەمدىكى مانا مۇشۇنداق تۇيدۇرماي تەربىيىلەيدىغان نۇتۇق ۋە تەپەككۇر قابىلىيىتىنى ئۆستۈرىدىغان قورال بولۇپ، ئەدىبىي تەربىيە ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەن - سالامەتلىكىنى ئۆستۈرۈشنىمۇ ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەردىن پايدىلىنىپ ئەدىبىي تەربىيە ئېلىپ بېرىشمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەپەككۇر قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈپ، گۈزەل تۇيغۇسىنى يېتىلدۈرۈشكە پايدىلىق. ئاتا - ئانا بولغۇچى ياخشى كىتابلارنى تاللاپ بېرىپ بالىنى كىتاب ئارقىلىق تەربىيىلەشكىمۇ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشى لازىم.

10. بالىنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقىنى كۈچەيتىش، بالىنى كىچىكىدىنلا تەييارغا ھەييار قىلىپ ئۆگىتىپ قويماسلىق كېرەك. بۇ جەھەتتە جىسمانىي تەربىيىنىڭ ئەقلىي تەربىيە ۋە ئەخلاقىي تەربىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى لازىم. ئاتا - ئانا بولغۇچى بالىلارغا كىچىكىدىن باشلاپلا قاچا - قۇچا يۇيۇش، ئورۇن - كۆرپە سېلىش، يەر سۈپۈرۈش، كىيىم - كېچەكنى يۇيۇش قاتارلىق ئۆزى قىلالايدىغان ئۆي ئىشلىرىنى ئۆگىتىپ ئادەتلەندۈرۈشى لازىم.

11. ئاتا - ئانا بولغۇچى ئۆز بالىسىنىڭ ئۇلۇغۋار غايە تىكلىشىگە ياردەم بېرىشى لازىم.

غايە يول كۆرسەتكۈچى نۇرلۇق چىراغ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەلبىدە ئۇلۇغۋار بىر غايىنىڭ بولۇشى ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدىكى گۈزەل ھاياتقا بولغان ئىستىكى ۋە ئالغا بېسىشىغا كۈچ بېغىشلايدۇ.

12. بالىلارغا نىشان بەلگىلەپ بېرىش كېرەك. بالىلارغا ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ تىرىشسا يەتكىلى بولىدىغان مۇۋاپىق نىشان بەلگىلەپ بېرىش لازىم. مۇنداق قىلغاندا، ھەربىر نىشانغا يەتكەندە، بالىلارنىڭ غەيرىتىگە غەيرەت قوشۇلۇپ، تىرىشىپ ئۆگىنىش ئىستىكى تېخىمۇ ئۇرغۇيدۇ.

13. بالىلارنىڭ قىزىقىشىغا ئىلھام بېرىپ تۇرۇش، ئۇلارنىڭ قىزغىنلىقىغا سوغۇق سۇ سەپمەسلىك لازىم. «ھەرقانداق ئىقتىدارسىز ئادەمنىڭمۇ باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان يالتىراپ تۇرىدىغان بىر ئارتۇقچىلىقى بولىدۇ.» شۇنىڭغا ئوخشاش، ھەرقانداق بىر ئوقۇغۇچىدا ياكى ناخشا ئېيتىش، ياكى توپ ئويناش، ھۆسن خەت يېزىش، مەلۇم پەننى ئالاھىدە ياخشى كۆرۈشتەك كۈچلۈك ھەۋەس ئۈستۈنرەك بولىدۇ. ئاتا - ئانا بولغۇچى بۇنى سەزگەندە ھەرگىزمۇ بالىنى كەمسىتمەستىن، ئىلھاملاندۇرۇشى، ئۇنىڭغا مەلۇم شارائىت يارىتىپ بېرىپ شۇ خىل ئىقتىدارنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە سورۇن ھازىرلاپ بېرىشى لازىم.

14. ئۆز پەرزەنتىنىڭ دوست تۇتۇشىغىمۇ كۆڭۈل بۆلۈش لازىم. يولنى توغرا بېسىشنىڭ سەۋەبى بىرلا، خاتا بېسىشنىڭ سەۋەبى ھەر خىل بولىدۇ. كونىلاردا «قازانغا يولۇقساڭ قارىسى يۇقار، يامانغا يولۇقساڭ بالىسى» دېگەن تەمسىل بار. بالىلارنىڭ بىلىش دائىرىسى تارراق، ئاق - قارا، ياخشى - يامانغا ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى كەمچىلرەك بولغاچقا، ئاتا - ئانا بولغۇچىلار ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشى، داۋاملىق ئارىلىشىدىغان دوستلىرىنىڭ ئەھۋالىنى سۈرۈشتە قىلىپ، ئۆز پەرزەنتىنىڭ بولمىغۇر بالىلار بىلەن بىر يولدا مېڭىپ قالماسلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى لازىم.

قىسقىسى، ھەر بىر ئاتا - ئانا بولغۇچى كىشى ئۆز پەرزەنتىنى تەربىيىلەشتە پۈتۈن مىللەتنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ساغلام، ئەقىللىك ئۆسۈپ يېتىلىپ كەلگۈسىنىڭ يارامىلىق خوجايىنلىرىدىن، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئاكتىپ قاتناشچىلىرىدىن بولۇپ چىقىشى ئۈچۈن، داۋاملىق ئىزدىنىپ، تەربىيىنى ئىنچىكە تۇردە بوشاشماي ئېلىپ بېرىشى لازىم.

(ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھەرلىك 20 - ئوتتۇرا مەكتەپنە ئوقۇتقۇچى)

## تۇرمۇشىمىزغا مەسلىھەت

### ھاياتتا ...

ئاز-تولا ۋاقىت چىقىرىپ ئىشلەڭ: ئۇ — مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ بەدىلى؛

ئاز-تولا ۋاقىت چىقىرىپ ئويلاڭ: ئۇ — كۈچ - قۇۋۋەتنىڭ مەنبەسى؛

ئاز-تولا ۋاقىت چىقىرىپ كىتاب ئوقۇڭ: ئۇ — ئەقىل-پاراسەتنىڭ ئاساسى؛

ئاز-تولا ۋاقىت چىقىرىپ ئويناڭ: ئۇ — ياش تۇرۇشنىڭ سىرى؛

ئاز-تولا ۋاقىت چىقىرىپ كىشىلەر بىلەن دوست بولۇڭ: ئۇ — بەختكە يېتىپ بېرىشنىڭ يولى؛

ئاز-تولا ۋاقىت چىقىرىپ خام خىيال قىلىڭ: ئۇ — ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنى تۇتۇشنىڭ ئېپى؛

ئاز-تولا ۋاقىت چىقىرىپ مۇھەببەتلىشىڭ: ئۇ — پەرىشتىلەرنىڭ ھوقۇقى؛

ئاز-تولا ۋاقىت چىقىرىپ كۈلۈڭ: ئۇ — روھىي دۇنيانىڭ مۇزىكىسى؛

ئاز-تولا ۋاقىت چىقىرىپ ئەتراپقا نەزەر سېلىڭ: ھايات جاپالىق ھەم قىسقا، ئۆزىڭىز بىلەنلا بولۇپ كەتمەڭ ھەر كۈنى.

(ئىدرىس بارات تەييارلىدى)

### ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ گۈزەل نەرسە — كۈلكە

ئامېرىكا يازغۇچىسى لىندا ئەمچەك راكىنىڭ دەردىنى كۆپ يىل تارتقان. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسانلار ھەقىقەتەن بوش كەلمەيدۇ. كۆچەت ئۆسۈپ ئادەم ياماشقۇدەك بولغۇچە ئۆزىمىزنىڭ قېرىپ يامشالماس بولۇپ قالىدىغانلىقىمىزنى بىلىپ تۇرۇپ كۆچەت تىكىمىز. گەرچە ئۆزىمىزمۇ ئەڭ ئاخىرىدا ئۆلۈمدىن قۇتۇلالمايدىغان بولساقمۇ، ھەر ئامالالارنى قىلىپ كېسەللەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىمىز. بىراق بۇ ھال بىزنى تېخىمۇ باتۇر قىلىۋېتىدۇ. ھايات مۇساپىسىدە، بىز مەردانىلىك بىلەن ئورنىمىزدىن دەس تۇرۇپ، ۋاقىت چىقىرىپ قۇياشنىڭ كۆتۈرۈلگىنىنى ۋە ئولتۇرغىنىنى كۆرگىلى بارىمىز، قاقاقلاپ كۈلىمىز.

مېنىڭچە ئەڭ گۈزەل ئاۋاز — رېئاللىق ئالدىدا قاقاقلاپ كۈلۈش، كۈلكە ئاۋازى ھاياتلىق ئاخىرلاشقۇچە داۋاملىشىدۇ. بۇ دۇنيادا سىز قاقاقلاپ كۈلەلەيدىغان ھەرقانداق ۋاقىت سىزنىڭ كۈلۈشىڭىزگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ۋاقىتتۇر».

(«تەرمىلەر» ژۇرنىلىدىن ئېلىندى)

### سەپرالىق سالامەتلىككە زىيانلىق

يېقىندا ئامېرىكا فىزىئولوگىيە ئالىمى ئارما پىسخىك ھالەتنىڭ ئادەمنىڭ سالامەتلىكىگە بولغان تەسىرىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن، ئالاھىدە بىر تەجرىبە ئىشلىگەن: بىرنەچچە ئەينەك پروبىركىنى مۇزلۇق سۇ قاچىلانغان ئىدىشقا كىرگۈزۈپ (ئىدىشتىكى مۇز سۇ ئارىلاشمىسىنىڭ تېمپېراتۇرىسى C 0 تا كونترول قىلىنغان)، ئاندىن كىشىلەرنىڭ كەيپىياتى ئوخشاش بولمىغان ۋاقىتتىكى «سۇغا ئايلانغان نەپەس»نى يىغىۋالغان. تەجرىبىدىن مەلۇم بولۇشىچە، بىر ئادەم نورمال ھالەتتە نەپەسلىنىپ چىقارغان گاز سۇيۇقلۇققا ئايلانغاندىن كېيىن، تىنىق، سۈزۈك، ساپ، رەڭسىز ھالەتتە بولغان. لېكىن، ئازابلانغاندا سۇدا ئاق رەڭلىك دۇغ ھاسىل بولغان، پۇشايمان قىلغاندا ئاقسىللىق دۇغ ھاسىل بولغان، ئاچچىقلانغاندا سۆسۈن رەڭلىك دۇغ ھاسىل بولغان. تەتقىقاتچىلار تەجرىبە قىلىنغۇچى ئاچچىقلانغان ۋاقىتتا نەپەسلىنىپ چىقارغان «سۇغا ئايلانغان گاز»نى چاشقانغا ئۇرغاندا، بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن چاشقان ئۆلۈپ قالغان. ئارما بۇنىڭغا ئاساسەن مۇنداق دېدى: «ئادەم ئاچچىقلانغاندا (ئون مىنۇت) زور جىسمانىي قۇۋۋەت سەرپ قىلىدۇ. بۇ 3000 مېترلىق يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىگە قاتناشقانغا باراۋەر. ئادەم ئاچچىقلانغاندا فىزىئولوگىيىلىك ئىنكاسى ئىنتايىن جىددىي بولۇپ، ئاجراتما ماددىلار ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىن مۇرەككەپ ھەم تېخىمۇ زەھەرلىك بولىدۇ. شۇڭا سەپرا كىشىلەرنىڭ ئۆمرى ئانچە ئۇزۇنغا بارمايدۇ».

بۇ مۇھىم بايقاشقا ئاساسەن، پروفېسسور ئارما كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ: «مەيلى تۇرمۇشتا ھەرقانداق ئوڭۇشسىزلىق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى كونترول قىلىش ۋە تەڭشەشكە ماھىر بولۇش كېرەك» دېدى.

(«تەرمىلەر» ژۇرنىلىدىن ئېلىندى)

# ئامېرىكا تەسىراتلىرى
(ساياھەت خاتىرىسى)

ئىدرىس بارات



## «سام تاغا»نىڭ يۇرتىدىكى دەسلەپكى تەسىرات

ئامېرىكا سەپىرىگە ئاتلىنىشتىن بۇرۇن كۆڭلۈمدە، ئامېرىكا قانداق دۆلەت، ئامېرىكا زېمىنىغا قەدەم باسقان 15 سائەتچە ئارىلىقتا، ئامېرىكىنىڭ ئەڭ ئۈستۈن تەرەققىياتى قايسى جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدىغاندۇ؟ ئامېرىكىنىڭ سىمۋولى نېمىدۇ؟ ئامېرىكىلىقنىڭ خاراكتېرى قانداقتۇ؟ ئامېرىكىدا روژدېستۋو بايرىمى ۋە يېڭى يىل ئەڭ چوڭ بايرام، شۇلارنى قانداق ئۆتكۈزىدىغاندۇ؟ ئائىلىلەرگە قەدەر كومپيۇتېر تورلىشىپ كەتكەن، تېلېۋىزور ئومۇملىشىپ كەتكەن ئامېرىكىدا نەشرىياتچىلىقنىڭ ئىستىقبالى قانداقتۇ؟ ئۇيەردىكى جۇڭگولۇق قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ھال - كۈنى قانداقراقتۇ؟ كىشىلەرنىڭ سۆيەت - ساياسى جەھەتتە، بىز بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا قانچىلىك پەرقلەر باردۇ؟ دېگەندەك سوئاللار، قىسقىسى، ئامېرىكا توغرىسىدا كۆپرەك نەرسىلەرنى بىلىۋېلىش ئىستىكى كاللامنى چۇلغىۋالغانىدى. پەقەت سىلىشتۇرغاندىلا، ئاندىن پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ: سىلىشتۇرۇشتا، بىرى، سىلىشتۇرۇلغۇچىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلەردىكى ئەھۋالى ئۆزىمىز ياشاۋاتقان زېمىندىكى ئەھۋاللار بىلەن سېلىشتۇرۇلىدۇ؛ يەنە بىرى، ئۇنىڭ ھازىرى بىلەن ئۆتمۈشى سېلىشتۇرۇلىدۇ؛ مەن ئامېرىكىدا ھەر ئىككى جەھەتتىن سېلىشتۇرۇپ كۆردۈم.

ئاۋۋال، ئامېرىكا زېمىنىنىڭ ئۆتمۈشى توغرىسىدا، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى كۇتۇپخانىسىنىڭ باشلىقى دانىل بورستىن يازغان ئامېرىكا تارىخى توغرىسىدىكى كىتابىنىڭ «ناتونۇش قىرغاق» سەرلەۋھىلىك مۇقەددىمىسىدىن مۇنۇ بىر ئابزاس سۆزنى ئايروپىلاندا كېتىۋېتىپ ئوقۇپ چىققانىدىم. بىز دۆلىتىمىز جۇڭگو ۋە ياشاۋاتقان زېمىنىمىز شىنجاڭ

توغرىسىدا بىرەر نەرسە يازماقچى بولساق، گەپنى ھامان «ئۇزاق تارىخقا ئىگە» ئىكەنلىكىدىن، ھەتتا مىلادىدىن ئىلگىرى ××× يىللار... دىن باشلاپ، سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىمىز. بىز ئەلۋەتتە تارىخىمىزنىڭ ئۇزۇنلۇقىدىن، زېمىنىمىز ۋە مەدەنىيىتىمىزنىڭ «قەدىمىي»لىكىدىن ئىپتىخارلىنىمىز ھەم شۇنداق قىلىشقا تېگىشلىك. لېكىن ئامېرىكىنىڭ بۇ جەھەتتە ئىپتىخارلانغۇدەك «قەدىمىي»، «ئۇزۇن» تارىخى يوق. شۇڭا بىز بۇ جەھەتتە ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدىكەنمىز. قېنى، ئەمدى بىز نەزىرىمىزنى ئۇلارنىڭ 17 ـ ئەسىردىكى تارىخىغا ئاغدۇرايلى:

... يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان كىتابتا، 1620 ـ يىلى، بىر تۇركۇم كۆچمەنلەرنىڭ ئامېرىكا زېمىنىغا قەدەم قويغان چاغدىكى مەنزىرە مۇنداق سۈرەتلەنگەنىدى: «ئۇلار يوكۇنۇپ ئولتۇرۇپ، تەڭرىنىڭ ئۇلارنى پايانسىز ئوكياندىن ئۆتكۈزۈپ، خېيىم ـ خەتەر ۋە زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرۇپ، بىپايان بىر زېمىنغا ئەكىلىپ قويغانلىقىغا مىڭ تەشەككۇر ئېيتىشتى... ئەمدى ئۇلار كۆز يەتكۈسىز چەكسىز ئوكياندىن ئۆتۈپ ۋە ئازاب ـ ئوقۇبەت دېڭىزىدىن قۇتۇلۇپ چىققاندىن كېيىن... ئۇلارنىڭ ئالدىغا ھېچكىم قارشى ئېلىشقا چىقمىدى، ئۇلار تۇرىدىغانغا ئايۋان-ساراي تۇرۇغلۇق، ئەسكى كەپىمۇ يوق ئىدى. ھېچكىم ئۇلارغا ھاردۇق چىقىرىپ تۇتمىدى، ئۇلار ئارام ئالىدىغانغا شەھەر ـ بازار چاغلىق ماكان يوق ئىدى، ھېچكىم ئۇلارغا ياردەم قولىنى سۇنمىدى .... ئۇلار بۇ يەردە، ئادەمزاتنىڭ ئايىغى تەگمىگەن قورقۇنۇچلۇق دالا، ياۋايى ھايۋانلار ۋە ياۋۇز ئادەملەردىن باشقا يەنە نېمىلەرنى كۆرۈشى مۇمكىن؟ ۋەھالەنكى، زادى قانچىلىك ياۋايى ھايۋانغا ۋە ياۋۇز ئادەملەرگە ئۇچرىشىنى ئۇلار نەدىن بىلسۇن. ئۇلار مۇشۇ قاقاس چۆلدىن گۈزەل ئىقبالنى كۆرۈپ ئۈمىدلەندى، شۇڭا ئۇلار تەڭرىگە ئىلتىجا قىلدى. ئۇلار ھېچقانداق تاشقى شەيئىدىن تەسەللىي تاپالمايتتى ۋە ياكى قانائەت ھاسىل قىلالمايتتى. ياز ئۆتۈپ كەتتى، ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدىكى زېمىستان قىش مەنزىرىسى، پۈتكۈل زېمىندا كۆزگە چېلىقىدىغىنى ــ ئورمانلار، چاتقاللار، ئىپتىدائىي چۆل مەنزىرىسى، خالاس. ئۇلار ئارقىسىغا ياناي دېسە، ئەمدىلا ئۆتۈپ كەلگەن پايانسىز ئوكيان تۇراتتى. ئۇ ئوكيان ئەمدى ئۇلار بىلەن مەدەنىي دۇنيا ئوتتۇرىسىدىكى غايەت زور توسالغۇغا ۋە تېگى يوق ھاڭغا ئايلانغانىدى.

... قارىماققا، ھېچقانداق بىر ئۈمىدلىك ماكان كىشىگە بۇ قەدەر ئۈمىدسىزلىك بېغىشلىمايتتى. لېكىن، بىرىم ئەسىردىن كېيىن ــ ھەتتا ئامېرىكا مۇستەقىللىق ئىنقىلابىدىن ئىلگىرىلا ــ كىشىنى ۋەھىمە باسىدىغان، مەدەنىيەتلىك دۇنيادىن ئايرىلىپ تۇرغان بۇ زېمىن دۇنيادىكى بىرقەدەر «مەدەنىي» جايلارنىڭ بىرىگە ئايلاندى.»



دېمەك، بۇنىڭدىن 300 يىللار ئىلگىرى تۇنجى كۆچمەنلەر قەدەم باسقان چاغدا ئاشۇنداق ھالەتتىكى بىر زېمىن بۈگۈنكى كۈندە، قانداق بىر جايغا ئايلاندى؟ ھەم بۇ ئۆزگىرىشلەر قانداق يۈز بەردى؟ بۇ ناھايىتى چوڭ بىر تېما. مەن پەقەت ئوقۇرمەنلەرنىڭ سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشى ئۈچۈنلا يۇقىرىقى بىر ئابزاس سۆزنى نەقىل كەلتۈردۇم. ئەمدى، پەقەت ئىشكىنىڭ يوچۇقىدىن كۆرۈۋالغان ۋە ئاڭلىۋالغانلىرىمنىلا ساياھەت خاتىرىسى سۈپىتىدە يازىمەن.

بىز 15 كۈنلۈك زىيارىتىمىز جەريانىدا، تىنچ ئوكياننىڭ غەربىي قىرغىقىغا جايلاشقان كالىفورنىيە شتاتىدىكى لوس ئانژېلىس، سان دىيەگو، سان ـ فرانسىسكو شەھەرلىرى، شەرقىي قىسىمدىكى نيۇ يورك، فىلادېلفىيە، بالتىمور، ۋاشىنگتون شەھەرلىرى، لاس ۋېگاس شەھىرى ۋە مېكسىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ تىخۋانا شەھىرى قاتارلىق جايلاردا زىيارەتتە بولدۇق. دۆلەت ئورگانلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق؛ ئالاقىدار ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن سۆھبەتلەشتۇق؛ مەشھۇر مەنزىرىلىك جايلار ۋە ئويۇنخانىلاردا تاماشا قىلدۇق؛ رېستورانلاردا، قىمارخانىلاردا، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىدا ۋە ئاۋات كوچىلاردا بولدۇق، سودا سارايلىرىنى ئارىلىدۇق؛ يىلدا بىر كېلىدىغان روژدېستۋو بايرىمى ۋە يېڭى يىلنى ئاشۇ دۆلەتتە ئۆتكۈزدۇق؛ دۆلەت خادىملىرى ۋە ھەر خىل كەسىپلەردىكى خادىملارنىڭ مۇلازىمىتىنى كۆردۇق. بىز 12ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى سائەت 11 دە بېيجىڭدىن ئۇچقاندۇق. ئايروپىلان ئارىلىقتا شاڭخەيدە بىر توختاپ، قايتا كۆتۈرۈلۈپ، 11 سائەت ئۇچتى. قولۇمدىكى سائەت بويىچە، تۈن نىسپى ئىدى. لېكىن ئايروپىلان تىنچ ئوكياننىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى زېمىنغا پەسلەۋاتقاندا بولسا، قۇياش تېخى يېڭىدىن كۆتۈرۈلگەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. ئايروپىلان ئاستا ـ ئاستا پەسلەپ، بەئەينى شاھمات تاختىسىنىڭ يوللىرىدەك رەتلىك يوللار ۋە ئۇنى بويلاپ سېلىنغان ئىمارەتلەر رەتلىك تىزىلغان بىر شەھەر ئۈستىدە ئايلىنىشقا باشلىدى. ئەنە تىنچ ئوكياننىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى پورتلارغا يانداۋاتقان پاراخوتلار، كۆپكۆك دېڭىز ۋە ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ تۇرغان چىرايلىق داچىسىمان ئىمارەتلەر — مانا بۇ — مەن تولا كۆرگەن «ئاداۋەت ۋە شاپائەت» ناملىق كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياترىدا ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان سانتا باربارا شەھىرىگە ئەجەپ ئوخشايدىكەنغۇ...

شۇ تەرىقىدە، ئايروپىلان بۇ ئاجايىپ چوڭ بىر شەھەر ئۈستىدە يېرىم سائەتچە ئەگىدى، چۈنكى، ئۇچۇۋاتقان ۋە چۈشۈۋاتقان ئايروپىلانلارنىڭ كۆپلۈكىدىن ئايرودورومغا قونۇش ئۈچۈن ئۆچرەت ساقلاشقا توغرا كېلىدىكەن. ئايروپىلان خېنىمى لوس ـ ئانژېلىسقا كەلدۇق دەپ جاكارلىدى. بىز ئايروپىلان ئىشكىگە ئۇدۇللانغان گارمونچە كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ، ئايرودرومنىڭ كۆك رەڭلىك يۇمشاق سۇنئىي گىلەم سېلىنغان ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا سوزۇلغان كارىدورىغا قەدەم باستۇق، بۇ، سىرلىق ئامېرىكا زېمىنىغا باسقان تۇنجى قەدىمىمىز ئىدى. بۇ يەرنىڭ تېمپېراتۇرىسى بىز كەلگەن جايدىن ئالاھىدە ئىسسىق بولسا كېرەك، بەدىنىمنى تەرباستى. ئۇچامدىكى مترو پەلتۇ ۋە قىشلىق تۇماق بىراقلا ئېغىر كەلدى. بىز خۇددى چەت ـ ياقا يېزىدىن چوڭ شەھەرگە كىرىپ، ئېزىپ كېتىشتىن قورقۇپ بىر ـ بىرىنى يېتىلىشىپ ماڭغان سەھرالىقلاردەك جىددىي ھالەتتە، بىر ـ بىرىمىزگە سوگدىشىپ پالاقلاپ كېتىۋاتىمىز. كارىدورنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە ئاستىنقى قەۋەتكە چۈشىدىغان پەلەمپەيگە قەدەم باستۇق. پۈتۈنلەي ئىنگلىزچە خەتلەر بىلەن تولغان بۇ دۇنيادا، ئامېرىكا زېمىنىغا قەدەم باسقاندىن كېيىنكى تۇنجى خەنزۇچە خەتلەر كۆزۈمگە چېلىقتى: «ئىسپات خەتلىرىڭىزنى تەقلەپ قويۇڭ»، دېمەك، ئۇلار ھەممە ئىشقا ئالدىن تەييارلىق قىلىشنى ياخشى كۆرىدىكەن. بىر قولۇمدا سومكا، جەينىكىمدە پەلتو، يەنە بىر قولۇمدا پاسپورت ۋە چېگرىدىن ئۆتۈش جەدۋىلىنى تۇتقان ھالدا ماڭماقتىمەن، يەنە بىر ئۇزۇن كادىدورغا كىردۇق، بەئەينى ئادەملەر دۇنياسى، ھەر خىل ئىرق، ھەر خىل كىيىملىك كىشىلەر بىزگە ئوخشاش ئامېرىكىغا تۇنجى قېتىم كەلگەن چېغى، قاياققا مېڭىشنى بىلەلمەي پاتپاراق بولۇشماقتا. گەۋرىلىك كەلگەن، قوڭغۇر چاچلىرى لەپپەڭشىپ تۇرىدىغان چىرايلىق بىر ياش چوكان ھەدەپ ۋارقىراپ، قول ئىشارىتى قىلىپ تەرتىپ ساقلىماقتا.

چوڭ زالدىكى تۇنجى «ئۆتكەل» — كۆچمەنلەر ئىدارىسىنىڭ ئەمەلدارلىرى ئامېرىكىغا كەلگۈچىلەرنىڭ ئىسپات ـ رەسمىيەتلىرىنى تەكشۈرۈپ، چېگرىدىن كىرگۈزۈش- كىرگۈزمەسلىكنى بەلگىلەيدىغان ئۆتكەل

بولۇپ، بۇنداق «ئۆتكەل»لەردىن قاتارىسىغا ئالتىسى ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى، ھەر بىر «ئۆتكەل» ئالدىدا كۆك رەڭلىك پاگون تاقالغان ئاق رەڭلىك خىزمەت كىيىمى كىيگەن ئەر- ئايال ئەمەلدارلار ئىش بېجىرىۋاتاتتى. جۇڭگولۇقلار بۇياقتا تىزىلىڭلار دېگەن بۇيرۇق بىلەن تەڭ، بىر ئۇزۇن سەپ ھاسىل بولدى، باشقا ئەللەردىن كەلگەنلەر ئەۋۋەل «ئۆتكەل»دىن ئۆتۈشكە باشلىدى. پەرىزىمچە، بىزنىڭ كەينىمىزدىن كەلگەن ياپونلار، ئەرەبلەرغۇ دەيمەن، ئىش قىلىپ باشقا ئەللەردىن كەلگەنلەر «ئۆتكەل»دىن تېزلا ئۆتۈپ كېتىشتى. بىز جۇڭگولۇقلارلا ساقلاپ تۇرۇشاتتۇق. زالدا تورۇستىن تۆۋەنگە قارىتىپ قاتارىسىغا ئېسىلغان 50 يۇلتۇزلۇق، 13 بالداقلىق ھەيۋەتلىك يوغان بايراقلار زالنى سۈر باستۇرۇپ تۇراتتى. بېيجىڭدىن يولغا چىقىشتىن بۇرۇن، ھەممىدىن خەۋەردار ئەربابلار بىزگە: ئامېرىكا دائىرىلىرى بىز جۇڭگولۇقلارنى چېگرىدىن ئۆتكۈزۈشتە قاتتىق تەكشۈرىدۇ، شۇڭا مۇنۇ - مۇنۇ ئىشلارغا دىققەت قىلىش كېرەك، دەپ ئالاھىدە ئاگاھلاندۇرغانىدى. باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئادەملىرىنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ، بىزنىلا ساقلىتىشنىڭ سەۋەبى شۇ بولسا كېرەك، ئۆتكۈزمەيمۇ قالارمۇ؟ دېگەن غەممۇ يوق ئەمەس ئىدى. ئاخىرى بۇ «ئۆتكەل»گىمۇ يېقىنلاپ كەلدۇق. تەكشۈرگۈچى پاسپورتتىكى سۈرەتكە ۋە چىرايىمىزغا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، چېگرىدىن كىرىش كارتوچكىسىغا بىر تامغىنى باستى - دە، «ئوكەي» دېدى. دېمەك، بۇ چېگرىدىن كىرىشكە رۇخسەت قىلغىنى ئىدى. ئەمدىكى ئىككىنچى «ئۆتكەل» — يۈك - تاقلىرىمىزنى ئامېرىكا تاموژنىسىنىڭ «جاھاننەما» ئەينىكىدىن ئۆتكۈزۈش ئىدى. بېيجىڭدىن مېڭىشتىن بۇرۇن، نېمىلەرنى ئېلىشقا بولىدىغانلىقى، نېمىلەرنى ئېلىشقا بولمايدىغانلىقى قاتتىق جېكىلەنگەنىدى، بولۇپمۇ ھۆل مېۋە، قېيزا قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى چېگرىدىن قەتئىي ئۆتكۈزمەيدىغانلىقى، ئەگەر سېزىلىپ قالسا، ئېغىر جەرىمانە قويىلىدىغانلىقى ئاگاھلاندۇرۇلغان. مەن بولسام مۇسۇلمانچە تاماق جەھەتتە قىينىلىپ قېلىشىمنى كۆزدە تۇتۇپ، ئاتايىتەن مايلىق توقاچ ياقتۇرۇپ چامدانغا قاچىلىۋالغانىدىم. ئىككىنچى «ئۆتكەل» ئالدىدا، ئاشۇ توقاچلارنى بايقاپ قېلىپ، مېنى سەتلەشتۈرۈپ يۈرەرمۇ دېگەن غەمدە قالدىم. مەن بۇ «ئۆتكەل»دىنمۇ تېنىچ - ئامان ئۆتۈپ كەتتىم. ئارىمىزدىن گەنسۇدىن كەلگەن زاگىزۇ يولداش ئۇن تال چوشقا گۆشى قېزىسى ئېلىۋالغانىكەن، «جاھاننەما» ئەينىكىدە ئۇ نەرسە سېزىلىپ قېلىپ، تاموژنا خادىملىرى ئۇنى ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلاتقۇزدى. ئاخىرى ھەممىمىز بۇ ئۆتكەلدىنمۇ ئۆتكەن بولدۇق. ئايروپىلان ئىستانسىسىنىڭ چىقىش ئىشىكى ئالدىغا كەلدۇق، سىرتتا چۇمۇلىدەك مىغىلداپ كەتكەن ماشىنىلار، بىردەم - بىردەمدە چۈشۈپ - كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ئايروپىلانلار بۇ يەرنىڭ قاتناش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدىن بىشارەت بېرىپ تۇراتتى. ھەرقايسى دۆلەتلەردىن كەلگەن، ھەر خىل تىللاردا سۆزلىشىدىغان، ھەر خىل پاسوندا كىيىنگەن، ھەر خىل ئىرقتىكى قېرى - ياش، ئەر - ئايال ئادەملەر مۇشۇ ئىشىكتىن چىقىپ ئامېرىكا زېمىنىغا چېچىلماقتا. بىز چىقىش ئىشىكىنىڭ يېنىدىلا ئۆمرىمىزدە تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقان مەنزىرە - كۆرۈنۈشلەرنى كۆزەتكەچ بىزنى كۈتۈۋالغۇچىنى ساقلاپ تۇردۇق. ئەگەر كۈتۈۋالغۇچى بولمىسا، نەگە بېرىشىمىزنى، نەدە تۇرۇشىمىزنى بىلمەيتتۇق. مۇشۇنداق چاغلاردا تىلنىڭ قەدرى ۋە تونۇشنىڭ قەدرى ئاجايىپ بىلىنىدىكەن. بىزنى كۈتۈۋالغۇچى زېك زوگۇي ئەپەندىمۇ پەيدا بولدى. ماشىنىلارنىڭ كۆپلۈكىدىن بىز چىقىدىغان ماشىنا ئالدىمىزغا كېلەلمىگەچكە، بىز يۈك - تاقلىرىمىزنى سۆرەپ، بەش قەۋەتلىك سېلىنغان ماشىنا توختىتىش مەيدانىغا بېرىشقا مەجبۇر بولدۇق.

بەش قەۋەتلىك ماشىنا توختىتىش مەيدانىنىڭ بۇرمىسىمان يوللىرىدىن چۆرگىلەپ چۈشۈپ، ئايروپىلان ئىستانسىسىدىن چىقىپ، 30 ـ 40 كىلومېتىرچە يول يۈرۈپ مېھمانخانىغا كەلدۇق، شۇ 30 ـ 40 كىلومېتىر ئارىلىقتىكى يولدا نەچچە ئون سېتىرېئولۇق كۆۋرۈكتىن ئۆتكەنلىكىمىزنى ئېسىمگە ئالالمىدىم، ئىش قىلىپ، بىرەر قىزىل - يېشىل چىراغقا يولۇقمىدۇق ۋە توختاپ باقمىدۇق، ماشىنىلارنىڭ سۈرئىتى شۇ قەدەر تېزكى، «ئەگەر بىرەر ماشىنىدىن چاتاق چىقىپ توختاپ قالسا، نەچچە يۈز ماشىنا بىر - بىرىنىڭ كەينىگە ئۇسىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە. بىز كەلگەن شەھەرلەردىمۇ ماشىنا جىق، شۇنىڭغا لايىق قىزىل، يېشىل چىراغلىق چاسا كوچىلارمۇ جىق. بۇ يەردىكى سۈرئەتنى بىزنىڭ يۇرتتىكى سۈرئەتكە سېلىشتۇرساق، بەئەينى ماشىنىدا ئولتۇرۇپ، ئايروپىلاندا ئۇچقاندەك

تۈيغۇغا كېلىدىكەنمىز. 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى، بىز تەرەپلەر زىمىستان قىش، بۇ يەردە بولسا، يول بويىدا چىملىقلار، ياپيېشىل دەرەخلەر، قىپقىزىل گۈللەر. يوللاردا ماشىنىلار بۇ يېقىدا بەش قاتار، ئۇ يېقىدا بەش قاتار، ھەر كىم ئۆز يولىدا ئۇچقاندەك ماڭماقتا. مەن يولدىكى مەنزىرىلەرنى كۆرۈپ ئۈلگۈرەلمەي ئاۋارە.

قۇياش دېگەنمۇ ئاجايىپ نەرسىكەن. بىزنىڭ يۇرتتا بىر كۈننى ئۆزىتىپ بولۇپ، بۇ يەرگە ئەمدى يېتىپ كەپتۇ. بۇ يەردە تېخى 12 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئەتىگەن سائەت توققۇز بوپتۇ. بىز تەرەپلەردە چەت ئەللىك مېھمانلار كەلسە، شىنجاڭ چېغىدا ئىستىراھەت مېھمانخانىسى، ياكى مۇھاجىرلار مېھمانخانىسى قاتارلىق ئون نەچچە قەۋەتلىك ئېسىل مېھمانخانىلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ، بىز ئۈچ قەۋەتلىك بىر مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدۇق، ياتاقلاردا ئىككىدىن چوڭ كارىۋات بار ئىكەن. مېھمانخانىنىڭ كارىدورىدىن تارتىپ ياتاق پوللىرىغىچە يۇمشاق گىلەم سېلىنغان، يوتقان ۋە ئەدىياللار گۇمانسىز پاكىز ئىكەن. ياتاقتا يىراقتىن كونترول قىلىنىدىغان 54 دىئومىلۇق رەڭلىك تېلېۋىزور قويۇلغان بولۇپ، كونترول قىلىش ئەسۋابى شىرە ئۈستىگە بۇرما مىخ بىلەن بېكىتىۋېتىلگەن ئىكەن. بۇ، ئوغرىلىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىنى بولسا كېرەك. يۇيۇنۇش ئۆيى مەرمەر تاشتىن ئىكەن، ئىسسىق سۇ بار ئىكەن. مانا بۇلار بىزدەك ئانچە تەرەققىي تاپمىغان جايلاردىمۇ ھازىرلانغان شارائىت. تەسەۋۋۇرۇمدا ئامېرىكىدەك تەرەققىي قىلغان جايلاردا ياتاقلار بۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە پۇزۇر بولۇشى كېرەك دەپ ئويلىغانىدىم. قاملاشالمىغىنىمىز شۇ بولدىكى، ياتاقلاردا بىز تەرەپلەردىكىدەك ساپما كەش، چىش چوتكا پاستىسى، چايدان ۋە قايناق سۇ، دەملەيدىغان چاي دېگەندەكلەر بولمايدىكەن. ھېلىمۇ ياخشى، مەن بېيجىڭدىن ماڭغۇچە ساپما كەش، چىش چوتكىسى، چىش پاستىسى، چاي ئېلىۋالغانىدىم. بىراق دەملەيلى دېسەك، قايناق سۇ يوق. گەرچە يۇيۇنۇش ئۆيىنىڭ جۈمەكدىن چۈشىدىغان قىزىق سۇنى ئىچىشكە بولىدۇ، دەپ ئۇقتۇرۇلغان بولسىمۇ، كۆنگەن ئادىتىمىز بويىچە، كۆڭلىمىز كۆتۈرمىدى، ئۇسسساق، ئالدىنقى زالغا قويۇلغان قايناق سۇ ماشىنىسىدىن ئەكىرىپ ئىچتۇق، ياتاقدىشىم ساپما كەش ئالماي كەلگەنىكەن، يۇيۇنغانلاردا يالىڭاياغ مېڭىپ يۈردى، ئامېرىكا ماگىزىنلىرىدىن ئالماقچى بولۇپمۇ تاپالمىدى. قارىغاندا ساپما كەش كىيىش بىزنىڭ بىر ئارتۇقچىلىقىمىز بولسا كېرەك.

بىز ياتاققا جايلىشىۋالغاندىن كېيىن، ھاۋالانغىلى سىرتقا چىقىشتۇق. مەن بۇ ناتونۇش زېمىننىڭ تۇپرىقىغا ۋە ئاسمىنىغا قىزىقىپ قارىدىم. گەرچە قىش پەسلى بولسىمۇ، بىز چۈشكەن مېھمانخانىنىڭ ئالدىدىكى ياپ ـ يېشىل دەرەخلەر ۋە سىرتتىكى تېمپېراتۇرا كىشىگە 9 ـ ئايلاردىكىدەك تۈيغۇ بېرەتتى. مېھمانخانىنىڭ قارشى تەرىپىدىكى شەخسلەرنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئۆستۈرۈلگەن، بەئەينى تېكىنىڭ مۇڭگۈزىگە ئوخشايدىغان قارىغاي ھەممىمىزگە قىزىق تۇيۇلدى. بىز تۇرغان مېھمانخانىدىن بىر كىلومېتىرچە يىراقلىقتا كەڭرى بىر پارچە يېشىل مەيدان بار ئىكەن. ئۇ شىمالىي شىنجاڭنىڭ يېشىل يايلاقلىرىنى ئەسلەتتى. ئۇنىڭدىكى دەرەخلەر ۋە يېشىل چىملىقنىڭ ئۈستى ئالا ـ يېشىل پارقىراق قەغەزلەردە ياسالغان گۈلدەستىلەر بىلەن زىننەتلەنگەنىدى. مەن بۇنى تۇنجى تۇيغۇم بويىچە، كىشىلەر دەم ئېلىش كۈنلىرى كېلىپ سەيلى ـ ساياھەت قىلىدىغان جاي ئىكەن دەپ ئويلاپتىمەن. «قەبرىستانلىق» دېگەن ئوي ھەرگىز خىيالىمغا كەلمەپتۇ. چۈنكى بىز تەرەپلەردە قەبرىستانلىق دېگەن ھاياتلىقتىن ـ يېشىللىقتىن مەھرۇم توپا دۆۋىسى، ئۇنىڭدا ئۆسكەن يانتاق، قامغاقلارمۇ قۇرۇپ كەتكەن بولۇپ، كىشىنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرىدىغان «ئۆلۈم» ۋەھىمىسىنى تارقىتىپ تۇرىدۇ. بۇ يەردىكى «ئۆلۈم ماكانى»مۇ ھاياتلىقتىن بەك قاتتىق چېكرا ئاجرىتىپ كەتمەپتۇ. ئۇلارمۇ جەسەتنى كۆيدۈرۈپ، كۈلىنى ئەنە شۇ قەبرىستانلىقلارغا دەپنە قىلىدىكەن.



مەن ئامېرىكىنىڭ «ئامېرىكا جاھانگىرلىكى»، «خەلقئارا ژاندار-





ما»،«دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەت»، «كاپىتالىزم لاگېرىنىڭ باشلىقى»،«ئەڭ تەرەققىي قىلغان كاپىتالىستىك دۆلەت» دېگەندەك ئۆزگىچە ناملىرىنى بىلەتتىم. ئامېرىكا زېمىنىغا قەدەم قويۇپلا ئۇنىڭ يەنە بىر نامىنى ئاڭلىدىم. ئۇ بولسىمۇ، «سام تاغا» ئىكەن. بۇ نامنىڭ كېلىپ چىقىشى مۇنداق ئىكەن:

1812 ـ يىللىرىدىكى ئامېرىكا ـ ئەنگلىيە ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ھەربىي قىسىملارنىڭ لازىمەتلىكلىرى قاچىلانغان ساندۇقلارنىڭ ئۈستىگە US («ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى» دېگەن نامنىڭ ئىنگلىزچە قىسقارتىپ يېزىلىشى) دېگەن بەلگىنى چاپلاپ قويىدىكەن، بۇ، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ مۈلكى، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىكەن. ئۇ چاغدا، ئامېرىكىنىڭ نيۇ ـ يورك شتاتىدا ھۆكۈمەتنىڭ ھەربىي ئىشلار ئۈچۈن زاكاز قىلغان ماللىرىنى مەخسۇس تەكشۈرىدىغان بىر ئەمەلدار بولۇپ، ئۇنىڭ نامى سامىل ۋىلسون ئىكەن. ئۇ ئىقتىدارلىق، سەمىمىي ئادەم بولغاچقا، شۇ ئەتراپتىكى كىشىلەر ئۇنى ھۆرمەتلەپ، «سام تاغا» دەپ ئاتايدىكەن. ئىنگلىزچىدا «سام» (Sam) سۆزى بىلەن «تاغا» (uncle) سۆزىنىڭ باش ھەرپلىرىمۇ US بولغاچقا، نۇرغۇن كىشىلەر ھېلىقى US بەلگىسى چاپلانغان ساندۇقلارنى سام تاغىنىڭ ساندۇقلىرى دەپ چاقچاق قىلىشىدىكەن. بۇ چاقچاق بارا ـ بارا تارقىلىپ، «سام تاغا» دېگەن سۆز ئامېرىكىنىڭ لەقىمىگە ئايلىنىپ قاپتۇ. ئامېرىكىلىقلار «سام تاغا»نىڭ سەمىمىي، ئىشەنچلىك، جاپاغا چىداملىق ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىپتىخارى ۋە ئۇرتاق پەزىلىتى دەپ قارايدىغان بولۇپتۇ. 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، «سام تاغا»نىڭ ئامېرىكا ياشلىرىغا چاقىرىق چىقارغان تەشۋىقات ۋەرەقلىرى ناھايىتى كەڭ تارقىلىپ، چوڭ رول ئوينىغان ئىكەن. 1961 ـ يىلى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى قارارنامە ماقۇللاپ، «سام تاغا»نى رەسمىي ئامېرىكىنىڭ سىمۋولى قىلىپ بېكىتكەنىكەن. بۈگۈنكى كۈندە، «سام تاغا» دېگەن نام ئەركىنلىك ئىلاھەسى بىلەن ئوخشاشلا ھەممە كىشىگە تونۇشلۇق نامغا ئايلىنىپتۇ. ئامېرىكىنىڭ گېزىت ـ ژۇرناللىرى، ئەدەبىي ئەسەرلىرى ۋە ھەر خىل ھەجۋىي سۈرەتلىرىدە «سام تاغا»نىڭ نامىنى ۋە جانلىق ئوبرازىنى دائىم ئۇچراتقىلى بولىدىكەن. شۇڭا مەنمۇ ساياھەت خاتىرەمنىڭ بىرىنچى ماۋزۇسىنى «سام تاغا»دىن باشلىدىم.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

# ئامېرىكا ئەسىرلىرى

(ساياھەت خاتىرىسى)

ئىدرىس بارات

# مۇسابىقە ئېلان قىلغان دارۋاز خىرىسقا دۈچ كەلمەكتە

## — ئادىلجان ھوشۇر چاڭجياڭ دەرياسىدىكى سەنشيا بوغۇزىدىن ئۆتۈشتە قاتمۇ - قات قىيىنچىلىقلارغا دۈچ كەلدى

ۋاڭ بويۈي، لى داۋۇڭ

ئىككى پۇتى ئارقىلىق نۇرغۇن مۆجىزە ياراتقان كانادالىق جىي. كوچرەينگە جۇڭگونىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن ئاخىر رىقابەتچى چىقتى.

1995-يىل 25-ئۆكتەبىر كۈنى جىننىس دۇنيا يېڭى رېكورتى جۇڭگودا يارىتىلدى. كانادالىق جىي. كوچرەين 53 مىنۇت ئون سېكۇنت ئىچىدە 405 مېتر ئېگىزلىكتىكى پولات سىم ئارقىلىق چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ 646 مېتر كەڭلىكتىكى سەنشيا بوغۇزىدىكى خەتەرلىك كۆيمەن ئېغىزىدىن ئۆتتى. «ئەرش شاھزادىسى» دېگەن چىرايلىق نامغا مۇۋەپپەق بولغان جىي. كوچرەينىنىڭ جەسۇر قىياپىتى ۋە غەلىبە تەبەسسۇمىغا تولغان چىرايى پۈتۈن دۇنيا تېلېۋىزور ئېكرانىدا قايتا كۆرۈندى.

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، يەنە بىر خەۋەر جۇڭگودىن پۈتۈن ئالەمگە تارالدى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سېرك ئۆمىكىنىڭ دارۋاز ئارتىسى ئادىلجان ھوشۇر جىي. كوچرەينگە مۇسابىقە ئېلان قىلدى.

ئادىلجان ئاخبارات ساھەسىدىكىلەرگە: «مەن قايىل ئەمەس، مەن جەزمەن جىي. كوچرەيندىن ئېشىپ چۈشىمەن» دېدى. ئۇ مەملىكەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتى ۋە شىنجاڭ سېرك ئۆمىكىگە تاپشۇرغان ۋەدىنامىسىدە: «مەن 40 مىنۇت ئەتراپىدا ۋاقىت سەرپ قىلىپ پولات سىم ئارقىلىق چاڭجياڭ دەرياسى بوشلۇقىنى كېسىپ ئۆتۈپ، بوشلۇق ئارقىلىق دەريادىن ئۆتۈشتىكى جىننىس دۇنيا رېكورتىنى يېڭىلاپ چىقىمەن» دېگەن.

ماتېرىياللاردا ئېيتىلىشىچە، جىي. كوچرەين ئىككى پۇتى ئارقىلىق نۇرغۇن مۆجىزە ياراتقان، «بىرقانچە يىلدىن بۇيان، ئۇ ئۆزى ياراتقان رېكورتىنى ئىزچىل تۈردە ئۆزى يېڭىلاپ كەلگەن»، ئۆزىگە مۇسابىقە ئېلان قىلىدىغان رىقابەتچىنى زادى ئۇچراتمىغان. بولۇپمۇ تا بۈگۈنگىچە دۇنيا بويىچە ئەڭ ئېگىز ھەم ئەڭ ئۇزۇن تارتىلغان لەپپەڭشىپ تۇرىدىغان پولات سىمدا مېڭىشتا تېخىمۇ ئۇچراتمىغانىكەن. يېقىندىن بېرى، تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن «بوشلۇقتىكى مۇسابىقە»دىن ئىبارەت بۇ بىر ئىش كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغىماقتا.

**شىنجاڭدىكى بىردىنبىر دارۋازلار ئائىلىسى — بۇ جەمەتتىكى ئەرلەرنىڭ قولىغا تەگكۈلۈك خادىسىنى تۇتۇپ، «ھاۋا بوشلۇقىدا مېڭىۋاتقان»لىقىغا 427 يىل بولغان.**



ئادىلجان ھوشۇر بۇ يىل 25 ياشتا. ئۇنىڭ قىلچە ئىككىلەنمەيلا دۇنيانىڭ «ئەرش شاھزادىسى»غا مۇسابىقە ئېلان قىلالىشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇ سەككىز يېشىدىن تارتىپلا ئاتا مىراس كەسىپ — دارۋازلىققا ۋارىسلىق قىلىشقا باشلىغان.

ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، دارۋاز ئويۇنى بۇنىڭدىن 2000 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇرۇن غەربىي يۇرتتا بارلىققا كەلگەن. بۇ ماھارەتنى كۆرسەتكۈچى ئىككى قولىغا ئالتە مېتر ئۇزۇنلۇقتىكى تەڭپۇڭلۇق خادىسىنى ئېلىپ ھېچقانداق خىيىم-خەتەردىن مۇھاپىزەت سايمانلىرىسىزلا ئېگىزلىكى 30 مېتر، ئۇزۇنلۇقى 80 نەچچە مېتر كېلىدىغان ئارغامچا ئۈستىدە ئالدى-كەينىگە مېڭىش، چارا قوزۇپ ئولتۇرۇش، كۆزىنى تېڭىۋېلىپ مېڭىش، ناخشا ئوقۇپ، ئۇسسۇل ئويناش، تېيىلىپ يىقىلىپ چۈشكەن قىياپەتكە كىرىۋېلىش، پۇتىدا ئارغامچىنى قىسىۋېلىپ بېشىنى پەسكە قىلىپ ساڭگىلاشقا ئوخشاش تۈرلۈك يۇقىرى ماھارەتلىك خەتەرلىك ھەرىكەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت، پەستە ناغرا-سۇناي تەڭكەش قىلىپ چېلىنىدۇ. ھەر رەت ئوينالغاندا مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان تاماشىبىنلار بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ ئۇلارغا مەدھىيىلىرىنى ياغدۇرىدۇ. ئەل ئىچىگە سىڭىپ كەتكەن ئاشۇ خىل سېرىك ئويۇنى تولا چاغلاردا ئائىلە - جەمەتنى ئاساس قىلغان ھالدا ئۇيۇشۇپ ئېلىپ بېرىلىدۇ ۋە شۇ تەرىقىدە ئەۋلادتىن ئەۋلادقا مىراس قالىدۇ. ھازىر شىنجاڭنىڭ يېڭىسار ناھىيىسىدە يەنە بىر دارۋازلار ئائىلىسى — جەمەتى بار، مانا بۇ ئادىلجان ھوشۇرنىڭ جەمەتىدۇر.

ئادىلجان ھوشۇر دارۋازلارنىڭ 6-ئەۋلاد ۋارىسىدۇر. بۇ جەمەتتىن ھازىر ھايات پېشقەدەملەرنىڭ ئەسلىمىسىدىن قارىغاندا، بۇ جەمەت ئەرلىرىنىڭ قولىغا تەڭپۇڭلۇق خادىسىنى تۇتۇپ «بوشلۇقتا مېڭىۋاتقان»لىقىغا 427 يىل بوپتۇ. ئۇلار مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا شۇنىڭدەك غەربىي ياۋروپا، شىمالىي ئامېرىكا، جەنۇبىي ئوكيانىيە ۋە ھىندىستان، شياڭگاڭ قاتارلىق جايلارنى ئايلىنىپ ماھارەت كۆرسىتىپتۇ. 50-يىللارنىڭ دەسلىپىدە ئادىلجاننىڭ تاغىسى سىدىق ھاشىم شاگىرتلىرىنى باشلاپ ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ھەرىكىتىگە ئىئانە توپلاش يۈزىسىدىن ئون نەچچە مەيدان خالىسانە ئويۇن كۆرسىتىپ، شۇ يىللاردا «دارۋاز روھى» دەپ تەرىپلەنگەن. 1995-يىلى 86 ياشلىق سىدىق ھاشىم مەملىكەتلىك 2-نۆۋەتلىك سېركىچىلار جەمئىيىتىنىڭ «تۈرلۈك ئويۇن شان-شەرەپ مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن ھەمدە «جۇڭگو سەنئەتكارلار لۇغىتى»گە كىرگۈزۈلگەن. كىچىكىدىلا دادىسىدىن يېتىم قالغان ئادىلجان مۇشۇ كىشىنىڭ شاگىرتى ئىدى.

1990-يىلى ئۈزۈلۈپ قېلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان ئۇيغۇر دارۋازچىلىقى مۇنتىزىم سەنئەت سارىيىدىن ئورۇن ئالدى. ئادىلجان ۋە ئۇنىڭ جەمەتىدىن ئون نەچچە دارۋاز شىنجاڭ سېرىك ئۆمىكىگە كىرگۈزۈلگەن. ياخشى مەشىق ۋە ماھارەت كۆرسىتىش شارائىتى ئىچىدە، دارۋاز ۋارىسلىرى قەدىمكى دارۋاز سەنئىتىگە يېڭى ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتتى. ئۇلار پولات سىمغا بېشىنى قويۇپ پۇتىنى ئاسمانغا قىلىپ تىك تۇرۇش، چاتىرىقىنى كېرىپ سىمغا ئۆزىنى تاشلاش، سىمدا بىر چاقلىق ۋېلسىپىت مىنىش، بېشىدا قاچا كۆتۈرۈش، سىمغا بەندىڭ قويۇپ ئۇنىڭ ئۈستىدە تۇرۇش، سىمدا پۇتىنى كېرىپ ئوڭدا يېتىش، ئۈچ ئادەم بىر-بىرىنىڭ يەلكىسىگە دەسسەپ ئۈستى- ئۈستىلەپ ئۆرە تۇرۇش، ئادەم ئۈستىدىن سەكرەش قاتارلىق يۇقىرى بوشلۇقتا ئويناش قىيىن بولغان ئويۇنلارنى ئىجاد قىلدى. زېرەك، تىرىشچان ئادىلجان ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ داڭلىق بىر ۋەكىلىدۇر.

جىيى. كوچىرەيىن چاڭجياڭ دەرياسىدىن ئۆتۈپ ئۈچ ھەپتىدىن كېيىن ئادىلجان كويىمىن ئېغىزىغا كەلدى. «بۇ مۇسابىقىدە ئۆتۈپ چىققىنىمىز چىققان!» دېدى.

ئادىلجان 17 يىللىق «بوشلۇقتا ياشاش» تارىخىغا ئىگە بولغاچقا ئۆز ئىقتىدارىغا ئىشىنەتتى.

1985-يىلدىن تا بۈگۈنگىچە ئادىلجان تايانچ قىلىنغان شىنجاڭ دارۋاز ئەترىتى مەملىكەتلىك 3-، 4- ۋە 5-نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى

تەنھەرىكەت يىغىنىدا ئويۇن كۆرسىتىش بويىچە ئۇدا 1ـ لىككە ئېرىشتى. ئۇلار 1990ـيىلدىن باشلاپ مەملىكەتلىك «جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىگە ئائىت سەنئەت بايرىمى»غا قاتناشتى، بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ بېيجىڭ، شاڭخەي، تيەنجىن، گۇاڭجۇ، ۋۇخەن، چېڭدۇ قاتارلىق 20 نەچچە چوڭ، ئوتتۇرا شەھەردە يۈز نەچچە مەيدان ماھارەت كۆرسەتتى ھەمدە كۆپ قېتىم چەت ئەلگە چىقىپ ئويۇن قويدى، ئادىلجان مىليونلىغان تاماشىبىنلار ئالدىدا بىرەر قېتىممۇ چاندۇرۇپ قويمىدى.

1995ـ يىل 1ـئاينىڭ 18ـكۈنى يەنى جىي. كوچىرەين چاڭجياڭدىن ئۆتۈپ ئۈچ ھەپتىدىن كېيىن، ئادىلجان ۋە ئۇنىڭ ئەترىتىدىكىلەر ئەپچىل يۈك-تاقلىرىنى ئېلىپ سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ ۋەنشيەن ناھىيىسىدىكى كۆيمەن ئېغىزىغا كەلدى. قولىدا تۇتۇپ ماڭغۇدەك مەخسۇس سايمان بولمىغاچقا، ئادىلجان قولىغا 20 كىلوگرام ئۆپچۆرىسىدە كېلىدىغان، قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىدىغان بىر تال پولات تۇرۇبىنى تەڭپۇڭ خادىسى قىلىپ ئېلىپ، تېخى يېقىندىلا جېنىس قامۇسىغا كىرگۈزۈلگەن پولات سىمغا مەزمۇت قەدەم ئالدى. ئۇ 100 مېترچە مېڭىپ سىناپ كۆردى، دەسلىپىدە كۆزىنى پۇتىنىڭ ئۇچىدىن ئۈزمەي، ئاۋايلاپ ئۇششاق قەدەم ئالدى. كېيىن ئالدىغا قاراپ يوغان-يوغان قەدەم ئېلىپ ماڭدى، گاھىدا ئارقىسىغا ماڭسا، گاھىدا بىر پۇتىدا دەسسەپ ئۆرە تۇردى، ماھارەت كۆرسىتىش خاراكتېرىدىكى ھەر خىل ھەرىكەتلەرنى قىلدى. ئۇ قىرغاققا قايتىپ كېلىپ، شۇ مەيداندىكى ئەمەلدارلار ۋە مۇخبىرلارغا ئازادىلىك بىلەن: «تەسىراتىم تولىمۇ ياخشى بولدى!» دېدى. ئۇنىڭ ئەترىتىدىكى ئۈچ ھەمراھى ئىچىدىكى 21 ياشلىق ئاينۇر پولات سىمغا چىقىپ مەلۇم ئارىلىققىچە مېڭىپ سىناپ كۆرگەندىن كېيىن، دىلى يايرىغان ھالدا كۆپچىلىككە: «بۇ مۇسابىقىدە ئۇتقىنىمىز ئۇتقان!» دېدى.

1996ـيىل 6ـئاينىڭ 23ـكۈنى ئادىلجان قاتارلىقلار تەكلىپكە بىنائەن گۇاڭجۇغا بېرىپ بۇ يەردە ئۆتكۈزۈلىۋاتقان 1996ـيىللىق خەلقئارا قولۋاق مۇسابىقىسىگە قاتنىشىۋاتقانلارغا جۇجياڭ دەرياسى ئۈستىدىن سىمدا مېڭىپ ئۆتۈش ماھارىتىنى كۆرسەتتى. بۇ سىم دەريا يۈزىدىن 30 مېتر ئېگىز بولۇپ، چات ئارىلىقى 224 مېتر ئىدى. ئاۋۋال ئادىلجان مەيدانغا چىقتى، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان تاماشىبىنلارنىڭ ئالدىدا، ئادىلجان سالماقلىق بىلەن پۇختا قەدەم ئېلىپ مېڭىپ، قارشى قىرغاققا 20 مىنۇتتىلا يېتىپ باردى؛ ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا ئادىلجاننىڭ بۇرادىرى ئابلەت پۈتۈن مۇساپىنى 22 مىنۇتتا تاماملىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەڭ ئاخىرقى بىر بۆلەك ئارىلىقنى يۈگۈرۈپ باستى. جۇجياڭ دەرياسىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىن شاۋقۇن كەبى ئالقىش ساداسى كۆتۈرۈلدى، مانا بۇ جۇڭگولۇقلارنىڭ ئېگىز بوشلۇقتا سىم ئارقىلىق چوڭ دەريادىن تۇنجى رەت كېسىپ ئۆتۈشى ئىدى.

ئادىلجان تولۇق ئىشەنچ بىلەن: «بۇ قېتىمقى ئەمەلىي جەڭ تەجرىبىسى ئارقىلىق چاڭجياڭ دەرياسىدىن ئۆتۈشتە تېخىمۇ ئىشەنچىگە ئىگە بولدۇم» دېدى.

**قىينچىلىق ئۇنىڭ ماھارىتىدە ئەمەس بەلكى... ــ مۇسابىقە ئېلان قىلغۇچى ئادىلجان خىرىسقا دۇچ كەلمەكتە**

ئادىلجان 1996ـيىلى سەنشيا بوغۇزىدا سىم ئۈستىدە سىناق قىلىپ ماڭغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە ھەر كۈنى بەدەن چېنىقتۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇش ئاساسىدا يەنە نىشانلىق ھالدا ئېگىز بوشلۇقتا مېڭىشنى تەقلىد قىلىش جەھەتتە بىر قاتار مەشقلەرنىمۇ ئېلىپ باردى. مەشق ئەھۋالى خاتىرىسىدىن قارىغاندا، ھازىر ئۇ ھاۋا بوشلۇقىدىكى 800 مېتر سىم ئارقان مۇساپىنى 22 مىنۇتتا تېزلا مېڭىپ بولالايدىكەن.

1996ـيىلىنىڭ بېشىدىلا، «شىنجاڭ دارۋازلىرىنىڭ چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ سەنشيا بوغۇزىدىن ئۆتۈشكە تەييارلىق كۆرۈش ئورنى»نىڭ ئورۇمچىدە قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى. شىنجاڭ سېرك ئۆمىكىنىڭ باشلىقى مىجىت ساۋۇر تەييارلىق كۆرۈش ئورنىنىڭ باش

قوماندانلىقىنى، سىچۈەن ئۆلكىسى ۋەنشيەن ناھىيىلىك تەنتەربىيە كومىتېتى، شىنجاڭ ئەقلىي، ئۇچۇر يۇمشاق پەنلەر شىركىتى بىرلىشىپ باشقۇرۇشنى ئۈستىگە ئالدى. تەشۋىقات، تەييارلىق كۆرۈشكە ئائىت بىر يۈرۈش خىزمەتلەر ئۆز يولىدا قانات يايدۇرۇلدى. بۇ ئىشنى پىلانلىغۇچىلار بۇ پائالىيەتكە «چاڭجياڭ دەرياسى، داستان قۇرۇلۇشى» دەپ رەسمىي نام بەردى — بىرىنچى قېتىمدا كوچىرەين ياراتقان جىننىس دۇنيا رېكورتىغا مۇسابىقە ئېلان قىلىپ، چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ سەنشيا بوغۇزىدىن ئۆتىدىغان، ئاندىن شىمالغا بېرىپ خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتىدىغان، ئۈچىنچى قېتىمدا شەنخەيگۈەنگە بېرىپ سەددىچىن سېپىلىگە چىقىپ، سېپىل ئۈستىدە ماڭماقچى بولدى. 1997 ـ يىلى شياڭگاڭغا، 1999 ـ يىلى ئاۋمېنغا بارماقچى بولدى...

بۈيۈك ئىستەك ۋە ئىقبالغا ئىگە دارۋازلار چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ سەنشيا بوغۇزىدىن ئۆتۈشكە ئاتلانغان مۇساپىسىدە قورقۇنچلۇق بىرقانچە «يامان يولۋاس»قا يولۇقۇپ قالدى.

ۋاقىتنىڭ زىچلىقى. 1997 ـ يىل 11 ـ ئاي ئەتراپىدا چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ سەنشيا قۇرۇلۇشىدا چوڭ ئېقىن توسۇلدۇ. شۇنىڭ بىلەن سەنشيا بوغۇزىنىڭ سۈيى زور دەرىجىدە ئۆرلەيدۇ. دەريا يۈزى بىلەن كۆيمەن ئېغىزىدىكى ئاسمان بوشلۇقىغا تارتىلغان ھېلىقى سىم ئارقانىنىڭ ئېگىزلىك ئارىلىقى كوچىرەين ماڭغان چاغدىكى 405 مېتر بولماي قالىدۇ، رېكورت يارىتىشتىكى شارائىت ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. يەنى ئادىلجان بۇ قېتىم كوچىرەينگە مۇسابىقە ئېلان قىلغاندىن باشلاپ 1997 ـ يىلى يازلىق كەلگۈچە بىرنەچچە ئاي ۋاقىتلا قالدى.

راسخوت قىيىنچىلىقى. «تەييارلىق كۆرۈش ئورنى»نىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى نيې جىڭچۈەنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، گەرچە بۇ ئىشنى پىلانلىغۇچىلار كۆيمەن ئېغىزىدىكى خەتەرلىك مەنزىرىلەرنى چۆرىدەپ ئۆزگىچە، نۇرغۇنلىغان ئېلانلارنى لايىھىلەپ، كېيىن ئوبدان جاۋاب قايتۇرۇش مەزمۇنىدىكى تۈرلۈك مەبلەغ توپلاش شەكىللىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، بۇنىڭغا ھەقىقىي قىزىققىدىغان كارخانىچىلار ھېلىھەم كۆپ چىقمايۋاتىدۇ. ھازىرغا قەدەر، ئۇلارنىڭ جۇغلىغان مەبلىغى 400 مىڭ يۈەنگە يېقىن بولۇپ ئېھتىياجلىق ئومۇمىي مەبلەغنىڭ ئاران ئوندىن بىرىلا ھازىرلانغان.

قۇرۇلۇش سالمىقىنىڭ چوڭلۇقى. كوچىرەين ماڭغان چاڭجياڭ دەرياسى سەنشيا بوغۇزىغا تارتىلغان ئاساسلىق پولات سىم ئارقانىڭ بىر ئۇچى سىمىنىڭ ئۇيياق ـ بۇيياقتا لەپەڭشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن قىرغاقتىكى قىيپاش تارتىلغان 120 تال پولات سىمغا مەھكەم باغلانغانىدى. 1996 ـ يىلى يازدا كەلكۈن سۈيى ئۇلغايغاندا دەريا يۈزى كېڭەيگەچكە ئەسلىدە قىرغاققا تارتىلغان قىيپاش پولات سىملار ئەمدىلىكتە دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا بېرىپ قالغان ھەمدە پاراخوتلار ئىلىنىپ قېلىشتەك نەقلىيات ۋەقەلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، چاڭجياڭ دەرياسىدىكى نەقلىيات ئىشلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئالاقىدار تارماقلار ئۇنى ئېلىۋېتىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەن. ئادىلجاننىڭ ئاشۇ پولات سىم ئارقىلىق سەنشيادىن ئۆتۈشى ئۈچۈن، دەريا قىرغىقىدىكى قىيپاش سىمنى قايتىدىن تارتىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭغا 2 مىليون يۈەن راسخوت ۋە يېرىم ئاي ۋاقىت كېتىدۇ.

مانا مۇشۇنداق مەزگىلدە، ئادىلجان جۈڭگو سېرىكچىلەر ئۆمىكى بىلەن بىللە ياپونىيىدە ئېگىز بوشلۇقتا ئارقاندا مېڭىش ماھارىتىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ، مىجىت، نيې جىڭچۈەن قاتارلىق تەشكىللىگۈچىلەر بۇ يىل 6 ـ ئاينىڭ ئالدى ـ كەينىدە دارۋازلارنى سەنشيا بوغۇزىغا ئاپىرىپ سىم ئارقانغا چىقىرىش يولىدا تىرىشماقتا. ئۇلار جىننىس دۇنيا رېكورتىدىكى ئالاھىدە مۇسابىقە ئېلان قىلغۇچىلار بولۇش سۈپىتى بىلەن ئالدىدا كەزلەشكەن رىقابەتكە قانداق مۇئامىلە قىلىشلىرى كېرەك؟ كىشىلەر بۇنىڭغا تەقەززالىق بىلەن نەزەر سېلىشماقتا.

ئابدۇغوپۇر سەئىدىن تەرجىمە قىلدى

# چياگزۇ مىللىتى ۋە ئۇلارنىڭ ئاپتونومىيلىك جايلىرى

چياگزۇلار ئاساسەن سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ ئابا زاگزۇ - چياگزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە بېيچۈەن ناھىيىسى قاتارلىق جايلارغا جايلاشقان بولۇپ، ئاھالىسى 102 مىڭ 815 (1982-يىلدىكى سان). ئۇ ئوبلاست 1953- يىل 1-ئاينىڭ 1-كۈنى قۇرۇلغان بولۇپ، سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ غەربىي شىمال قىسمىغا جايلاشقان، ئومۇمىي يەر مەيدانى 82 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، بۇ ئوبلاستقا 13 ناھىيە قارايدۇ، ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت مائېركاڭ ناھىيىسىدە.

ئوبلاست تەۋەسىدە مىنشەن تاغ تىزمىسى ۋە چيۇڭلەي تاغ تىزمىسى بار. خۇاگخې دەرياسى ئوبلاستنىڭ شىمالىي قىسمىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ، ئۇنىڭ ئېگىز تاغلىرىدىمۇ نۇرغۇن كۆل ۋە ئارشاڭلار بار.

چياگزۇلار ئۆزىنى «ئېرما» يەنى «يەرلىكلەر» دەپ ئاتىشىدۇ. مىللەتنىڭ ئۇرۇق- ئەجدادىنى3000 نەچچە يۈز يىل ئىلگىرىكى قەدىمكى چياگزۇلادىن باشلاپ ھېسابلايدۇ. چياگزۇلارنىڭ بىر قىسمى تەخمىنەن يىغىلىق - ئەمبىنىيە دەۋرلىرىدە گەنسۇ، چىڭخەي رايونلىرىدىن داۋاملىق تۈردە مىگجياڭ دەرياسىنىڭ يۇقىرىقى ئېقىمى ئەتراپلىرىغا كۆچۈپ ئولتۇراقلاشقان ۋە شۇ جايدىكى خەلقلەر بىلەن يۇغۇرۇلۇپ بارا- بارا بۈگۈنكى چياگزۇ مىللىتىنى شەكىللەندۈرگەن. چياگزۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس تىلى بار ئەمما يېزىقى يوق. چياگزۇ تىلى خەنزۇ- زاگزۇ تىل سىستېمىسىغا كىرىدۇ.

چياگزۇلار ئاساسەن دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ ئاساسلىقى قوناق، بۇغداي، يالىڭاچ ئارپا ۋە ھەر خىل پۇرچاقلار. «قارلىق تاغ باقلىسى»نىڭ بىر خىلى بولغان ئاق پۇرچاق چياگزۇلار رايونىنىڭ ئالاھىدە داڭلىق مەھسۇلاتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ قويچىلىقى خېلى تەرەققىي قىلغان. يەرلىكنىڭ ئالاھىدە ياخشى مەھسۇلاتى بولغان «جەدە قوي»نىڭ ئاجايىپ داڭقى بار. چياگزۇلار ئولتۇراقلاشقان تاغلىق رايونلاردا دۇنيا بويىچە ئاز ئۇچرايدىغان داڭلىق ئېيىق، شىزاڭ تۆلكىسى، سېرىق ياللىق مايمۇن قاتارلىق ھايۋانلار بار. ئىقتىسادىي دەرەخلەردىن كاۋاۋىچىن مەھسۇلاتى ئەڭ كۆپ، سۈپىتى ياخشى، «بانان ئالمىسى» بۇ يەرنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتى ھېسابلىنىدۇ. قۇرتئوت، سوغىگۇل، بۇغىنىڭ يۇمران مۈگگۈزى، ئېپار، ئېيىق ئۆتى قاتارلىق قىممەت باھالىق دورا ماتېرىياللىرىمۇ مول.

### چياگزۇلارنىڭ مەدەنىيەت ۋە سەنئىتى

چياگزۇلار مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان نۇرغۇن مەدەنىيەت ۋە سەنئەت ئىجاد قىلغان، ئۇلارنىڭ خەلق ناخشىسى بىلەن خەلق چۆچەكلىرىنىڭ مەزمۇنى مول، تىلى جانلىق، رىۋايەتتىكى ھېكايىلىرىدىن «مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان»، «چياڭگې ئۇرۇشى»، «كېچە-كۈندۈز قىزىل ئارمىيىنى ئەسلەش» قاتارلىق ئەسەرلەر قىممەتلىك ئەدەبىي- تارىخىي ماتېرىياللاردۇر. چياگزۇ خەلقى ناخشا ئېيتىش، ئۇسسۇل ئويناشقا ماھىر كېلىدۇ.

ئۇلارنىڭ ناخشىلىرى لىرىكىلىق تاغ ناخشىسى ۋە ئەمگەك ناخشىسى دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. تاغ ناخشىلىرى يەنى قايغۇ ناخشىسى، مەدھىيە ناخشىسى، مۇھەببەت ناخشىسى ۋە شادلىق ناخشىلىرىدىن ئىبارەت. كېيىنكىسى قىغ توشۇش ناخشىسى، ھوسۇل يىغىش ناخشىسى، خامان سورۇش ناخشىلىرىدىن ئىبارەت. ناخشا ئېيتقاندا ئەر-ئاياللار ئايرىم گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ، ئاياللار باشلىسا ئەرلەر ئۇلاپ ئېيتىدۇ، ياكى ئەرلەر ئېيتسا ئاياللار ماسلىشىپ ئېيتىدۇ. مۇشۇنداق ئېيتىشىش قايتا-قايتا تەكرارلىنىدۇ. ئېيتقان ناخشىلىرى ياڭراق، مۇڭلۇق، تېز رىتىملىق، شوخ بولىدۇ. چياگزۇلارنىڭ ئۇسسۇلى قويۇق مىللىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، شالاڭ ئۇسسۇلى، دۇبۇلغا، ساۋۇت ئۇسسۇلى داڭلىق. ناخشا بىلەن ئۇسسۇل ئورۇندىغاندا چياگزۇ نېيى، كىچىك دۇمباق، قول قوڭغۇرىقى، سۇناي، ناغرا قاتارلىق مۇزىكا ئەسۋابلىرى تەڭكەش قىلىنىدۇ.

چياگزۇلار ئۆزىگە خاس، كامالەتكە يەتكەن قۇرۇلۇش سەنئىتى بىلەنمۇ دۇنياغا تونۇلغان، بۇ

قۇرۇلۇشلار مۇنار، زەنجىر كۆۋرۈك، ئات قوتىنى سېلىش شۇنىڭدەك قۇدۇق قېزىش، دامبا ياساشتىن ئىبارەت. چياڭزۇلارنىڭ كەشتىسى، رەشلىيىسىنىڭ نۇسخىلىرى ئالاھىدە سىپايە، كۆركەم بولۇپ، چياڭزۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى قول ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرىنى نامايان قىلىدۇ. قولى گۈل چياڭزۇ ئاياللىرى كەشتە ئىشلىگەندە گۈل نۇسخىسىغا قارىماي تۇرۇپلا ھەر خىل گۈزەل گۈل نۇسخىلىرىنى بىۋاستە ئىشلەپ چىقالايدۇ. چياڭزۇ ئاياللىرى ھەر خىل رەڭلەردە تاللانغان ھەر خىل گۈل نۇسخىلىرىنى چىرايلىق ئىشلەپ، ئۆزلىرىنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈۋالىدۇ.

## ئۆرپ - ئادەتلىرى

چياڭزۇلار ئادەتتە ئۈن نەچچە ئائىلە مەھەللە ھاسىل قىلىپ ئولتۇراقلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرى كۋادرات شەكلىدە، ئۆگزىسى تەكشى سېلىنىپ، تاملىرى تاش بىلەن ئېتىلىدۇ. ئۆيلەرنى ئادەتتە ئىككى-ئۈچ قەۋەت سېلىپ، ئۈستۈنكى قەۋەتتە ئاشلىق ساقلايدۇ، 2-قەۋەتتە ئادەم ئولتۇرىدۇ، 1-قەۋەتتە چارۋاماللارنى باقىدۇ. ئۆينىڭ ئۆگزىلىرىدە دان ئايرىيدۇ، ئاشلىقنى ئاپتاپقا سالىدۇ، كىيىم- كېچەكلەرنى يايىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق يېمەكلىكى كۆممىقوناق، يالىڭاچ ئارپا، ياڭيۇ، بۇغداي بولۇپ، قوشۇمچە يېمەكلىكلىرى ئاساسلىقى قارا بۇغداي، مايلىق بۇغداي ۋە ھەر خىل پۇرچاقلاردىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ بېزەكلىرى ئاددىي، كۆركەم بولۇپ، ئەر-ئاياللارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كەندىر رەختتە تىكىلگەن يەكتەك كىيىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قوي تېرىسى بىلەن تىكىلگەن جىلىتكە كىيىدۇ، بېشىغا ياغلىق ئارتىدۇ، بەلباغ ئورايدۇ، ئاياللار كىيىملىرىنىڭ چۆرىلىرىگە گۈللۈك جىيەك تۇتۇپ كۈمۈش بېزەكلەرنى تاقايدۇ.

دەپنە قىلىش ئادىتى: كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش، يەرگە كۆمۈش ۋە سۇغا دەپنە قىلىش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىدۇ.

بايراملىرى: باھار بايرىمى ۋە يېڭى يىل بايرىمى بار (ئۇلارنىڭ يېڭى يىل بايرىمى قەمەرىيە 10-ئاينىڭ 10-كۈنى ئۆتكۈزۈلىدۇ — ئۇلار 10-ئاينى يىل باشلىنىشى دەپ ھېسابلايدۇ).

قائىدە- يوسۇنلىرى: ئۇلار ھاراق ئىچىشكەندە، مويسىپىتلىرى خەيرلىك تىلەپ سۆز قىلغاندىن كېيىن، كومزەكنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ ئۆزلىرى ئاۋۋال ئىچىپ بېرىدۇ. چوڭ - ئۇلۇغلار ئۆيگە كىرگەندە ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىۋاسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ؛ زىياپەتلەردە مويسىپىتلار تۆردە ئولتۇرىدۇ ۋە ئۇلار ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن باشقىلارمۇ ئولتۇرۇشىدۇ؛ تالا-تۈزدە چوڭلارغا يولۇققاندا كىچىكلەر بىر تەرەپكە ئۆتۈپ يولنى بوشىتىپ تۇرىدۇ؛ ئاتلىق كېتىۋېتىپ چوڭلارغا يولۇققاندا ئاتتىن چۈشۈپ سالام بېرىدۇ؛ ناخشا-ئۇسسۇل پائالىيەتلىرىدە چوڭلار باشلامچى بولۇپ بېرىدۇ. پەرزەنتلىرى ئاتا-ئانىلىرىنىڭ ئىسمىنى خالىغانچە ئاتاپ چاقىرمايدۇ؛ مەھەللىدە بىرەرسى ئۆي-جاي سالماقچى بولسا باشقىلارمۇ كېلىپ ھەقسىز ياردەملىشىدۇ؛ توي-تۆكۈن ئىشلىرىدىمۇ دوست-بۇرادەرلىرى ۋە يېقىن تۇغقانلىرى ئولاش- چولاش كېلىپ تەبرىكلىشىدۇ ھەممىدە بىرلىكتە مەي ئىچىشىپ بەزمە قىلىشىدۇ؛ ئۆلۈم- يېتىم ئىشلىرىدىمۇ ھەممەيلەن كېلىپ قارىشىدۇ ۋە ھازا تۇتۇشىدۇ.

مەنئى قىلىدىغان ئىشلىرى: ئاياللار يەڭگىگەندە ئىشىك بېشىغا بەلگە تەرىقىسىدە بىرنەرسە ئېسىپ قويۇپ باشقىلارنى خالىغانچە كىرمەسلىككە ئاگاھلاندۇرىدۇ.

دىنى ئېتىقادى: چياڭزۇلارنىڭ ئىدىئولوگىيىسىدە فېتىشىزم ناھايىتى ئۈستۈن ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. شىزاڭغا يېقىن جايلاردىكى بىر قىسىم چياڭزۇلار لاما دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، خرىستىئان دىنى بۇ يەرگە كىرگەندىن كېيىن ئاز ساندىكى چياڭزۇلار بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولغان. چياڭزۇلار «قۇياش ئىلاھى»غا ھەممىدىن بەك چوقۇنىدۇ. ئۇلار سۈت رەڭلىك بىر خىل كۋارتىس تېشىغا سىمۋول تەرىقىسىدە ئەقىدە قىلىدۇ.

(ئابدۇسالام ئابدۇراخمان تەييارلىدى)

# ئۇ ھامان قەلبىمنىڭ ھۆرمەت تۆرىدە

**ـــ ئۇيغۇرچە «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ 50 سان چىقىرىلغانلىقىنى ئەسلەپ**

**● ئوبۇلقاسىم مەتنىياز ●**

مەن بىر كىتاب مەستانىسى. ھاياتىمدىكى ئەڭ ئىشەنچلىك سىردىشىم ـــ كىتاب. 30 نەچچە يىللىق ھاياتىمدا ھېچبىر كىتاب-ژۇرنال مېنى «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىدەك ئۆزىگە چىڭ مەھلىيا قىلغان ئەمەس. بۇ ژۇرنالنىڭ 50 سان نەشر قىلىنغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن 1997-يىل 1-سانىدا ئېلان قىلىنغان ئەخمەت ئىمىن، ئەخەت ھاشىم قاتارلىق يازغۇچىلارنىڭ باھا- ئەسلىمە ماقالىلىرىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، بۇ ژۇرنال ھەققىدىكى ئۇنتۇلماس ئەسلىمىلەر يەنە مېنى قولۇمغا قەلەم ئالغۇزدى. بۇ دىلرەبا ژۇرنالنىڭ تەبىئىي ھالدا مېنى تۇنجى قېتىم ئۆزىگە مەپتۇن قىلغان چاغدىكى مەنزىرە ھازىرمۇ تېخى تونۇگۈنكىدەكلا ئېسىمدە تۇرۇپتۇ.

1991- يىلى كۈز پەسلىنىڭ بىر كۈنى، بىز بىرقانچە بىمار خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك دوختۇرخانىسىنىڭ ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ ئالدىدىكى گۈلزارلىقنىڭ تۆمۈر رىشاتكىسىغا يۆلىنىپ پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتۇق، تۇساتتىن سۆڭەك كېسەللىكلىرى مۇتەخەسسىسى ئابدۇللا مەخمۇت بىر ژۇرنالغا تىكىلىپ قارىغىنىچە ئاستا مېڭىپ يېنىمىزدىن ئۆتۈپ قالدى. مەن دەرھال ئۇنىڭدىن ژۇرنالنى كۆرۈۋېلىشقا بېرىپ تۇرۇشنى سورىدىم. ئۇ شۇ ھامان ماڭا بېرىپ تۇردى. بۇ، مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ناملىق ژۇرنال ئىكەن. مەن بۇ ژۇرنالنىڭ ئاجايىپ كۆركەم، جۇلالىق مۇقاۋىسىغا بىر ھازا قارىدىم-دە، بىر باشتىن ۋاراقلاپ چىقىپ يېنىش- يېنىشلاپ ئوقۇدۇم، ئوقۇۋېتىپ ئۆزۈمنى گويا رەڭمۇرەڭ خۇش پۇراق گۈللەرگە تولغان چىمەنزارلىققا كىرىپ قالغاندەك ئاجايىپ جۇشقۇن، روھلۇق ھېس قىلدىم. ئۇنى ئوقۇغانسېرى قىزىقىپ قالدىم-دە، بۇ ژۇرنالنىڭ باشقا سانلىرىنىمۇ ئىزدەپ تېپىپ ئوقۇدۇم. 1991-يىللىق 2-سانىدا ئېلان قىلىنغان يولداش ئىسمائىل ئەھمەدنىڭ بىزدەك ئاز سانلىق مىللەت زىيالىيلىرىغا بېغىشلاپ يازغان «ئىرىشايلى، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق غايىسى ئۈچۈن» سەرلەۋھىلىك ماقالىسى ماڭا ئاجايىپ زور ئىلھام بەردى. بۇ ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان ماقالىلەردىكى چوڭقۇر مەنە، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى توغرىسىدىكى ئادىل سادا پارتىيىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ دانالىقىنى بىزگە چۈشەندۈرەتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مەن بۇ ژۇرنالنىڭ ئەڭ ھېرىسمەن ئوقۇرمەنى ۋە سادىق ئاپتورى بولىمەن، دەپ ئۆز-ئۆزۈمگە ۋەدە بەردىم ۋە دەرھال قولۇمغا قەلەم ئېلىپ «ئالقىش ۋە ئۈمىد» دېگەن تېمىدا بىر پارچە خەت يازدىم. خەتنىڭ ئاخىرىغا «مۇبارەكنامە» ماۋزۇلۇق مۇنداق بىر شېئىرنى قوشۇپ ئەۋەتكەنىدىم:

### مۇبارەكنامە

ئەي، مىللەتلەر مۇنبىرى، سادايىڭغا مۇبارەك،
باراۋەرلىك-ئىناقلىق خىتابىڭغا مۇبارەك.

گۈل ئېچىلغان رەڭمۇرەڭ، چېچەپ خۇش بۇي پۇراقلار،
دىلنى مەپتۇن ئەيلىگەن گۈلزارىڭغا مۇبارەك.

ھەر مىللەتكە دائىما پارلاق نىشان كۆرسىتىپ،
ئەلنى ئالغا يېتەكلەش پىلانىڭغا مۇبارەك.

يارقىن-كۆركەم سەھىپەڭدىن ئالتۇن نۇرلار چاقنىتىپ،
ۋەتەن-ئەلنى گۈللىتىش قارارىڭغا مۇبارەك.

شادلىنىپ دىل پەيزىڭدىن زوققا تولدى يايرىدى،
چۆمگەن ئالقىش- شەرەپكە دىيارىڭغا مۇبارەك.

ھەر مىللەتنى خۇش قىلدى سېنىڭ ياڭراق سادايىڭ،
پۈتكەن ئالقىش -ھۆرمەتتىن مۇنارىڭغا مۇبارەك.

ئىلمۇ-ئىرپان بۇلىقى، روھىي دۇنيا ئوزۇقى،
«مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ـــ ئۆز نامىڭغا مۇبارەك.

ھەر مىللەتكە توختىماي كۆپلەپ بىلىم تارقىتىپ،
ئەل قەلبىنى بېيىتقان دەرمانىڭغا مۇبارەك.

ساڭا گۈللەپ ياشناشقا بەرگەن ئىمكان- شارائىت،
توغرا، ئادىل، ھەققانىي دەۋرانىڭغا مۇبارەك.

ھۆسن تاپقاي كۈنسېرى دوست- ئىناقلىق گۈلشىنى،
مەدەتكارىڭ پارتىيە غەمخانىڭغا مۇبارەك.

مانا ھەش-پەش دېگۈچە ئالتە يىل ئۆتۈپ كەتتى. بۇ ژۇرنالمۇ ئۆزىنىڭ 50-قەدىمىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك بېسىپ كەلگۈسىگە تولۇپ - تاشقان ئىشەنچىسى بىلەن زەپەردەس قەدەملەرنى تاشلىماقتا. مەن بۇ ژۇرنالنىڭ يېڭى كەلگەن بىر سانىنى كۆرۈپ بولۇپ، يەنە بىر يېڭى سانى قولۇمغا تەگكىچە خۇددى مەشۇقىنىڭ ۋىسالىغا تەلمۈرگەن ئاشىقتەك تەقەززالىقتا كۈتىدىغان بولۇپ قالدىم. ھەر قېتىم يېڭى بىر سانىنىڭ نەشىردىن چىقىپ تارقىلىشى مەن ئۈچۈن ھېيت خۇشاللىقىنى ئېلىپ كەلگەندەك تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنى قىزىقىپ ئوقۇش ئىشتىياقىم بارا-بارا ئۇنىڭغا ئەسەر يېزىپ ئەۋەتىش ئىستىكىنى پەيدا قىلدى. چۈنكى بۇ ژۇرنال قەلبىمنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئېلىپ، يولۇمدا ماياكتەك نۇر چېچىپ، مېنى داۋاملىق تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئۆزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئۈندىگەنىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ باھاردەك ئىللىق، ماگنىتتەك تارتىملىق سېھرىي كۈچى بىلەن ئاللىقاچان مېنى ئۆز ئاشىقىغا ئايلاندۇرۇپ، قەلەمكەشلەر گۈلزارىغا باشلاپ كەلگەنىدى. شۇنداق قىلىپ، مەن بىر قانچە پارچە ماقالە ئەۋەتىپ باقتىم. ئەۋەتكەنلىرىم ئارقا-ئارقىدىن ئېلان قىلىندى. بۇ چاغدا خۇشاللىقتىن يۈرىكىم كۆكسۈمگە پاتماي قالدى، باھاردا ياشنىغان گۈلىستاندەك كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدىغان مۇشۇنداق بىر ياخشى ژۇرنالنى چىقىرىش يولىدا تىنىمسىز ئىشلەۋاتقان تەھرىر، باش مۇھەررىر — ئاشۇ نامسىز قەھرىمانلارغا يۈرىكىمدە غايىۋانە يالقۇنلۇق بىر مېھرى-مۇھەببەت، ھۆرمەت تۇيغۇسى ئۇرغىدى. چۈنكى گېزىت- ژۇرنال چىقىرىش خىزمىتى ئىنتايىن جاپالىق، مۇشكۇل بىر خىزمەت، ئۇنىڭغا ئەسەر تونۇيدىغان، مېڭىسى ئۆتكۈر، كۆزى روشەن، بىلىمى مول، ھەر جەھەتلەردىن ئەتراپلىق يېتىشكەن قابىل تەھرىرلەر، بولۇپمۇ ئىدىيىسى ئازاد، ئەقىل-پاراستى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان، تەپەككۇرى جۇشقۇن، توغرا سىياسىي يۆنىلىشنى مۇستەھكەم ئىگىلىگەن ئەڭ قاۋۇل باش مۇھەررىرنىڭ بولۇشى ناھايىتى زۆرۈر. مۇشۇ نۇقتىلاردىن قارىغاندا، مەن بۇ ژۇرنالنىڭ تەھرىرلىك كۈچىنىڭ خېلى كۈچلۈك، باش مۇھەررىرنىڭ ئاجايىپ تالانتلىق، ئىقتىدارلىق، ياراملىق ھەم يۇقىرى رەھبەرلىك سەنئىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتىم.

ھەممىگە ئايانكى، بىزنىڭ گېزىت-ژۇرنال چىقىرىشىمىزدىكى مەقسىتىمىز ھەر مىللەت ئاممىسىنى توغرا جامائەت پىكرى يۆنىلىشىگە يېتەكلەش ۋە ئۇلارغا بىلىم، مەدەنىيەت ۋە پەن-تېخنىكا، ئۇچۇر، ئىگىلىك يەتكۈزۈش، شۇنداقلا مول مەنىۋى ئوزۇق بەخش ئېتىش ئۈچۈندۇر. بۇ ژۇرنال يۇقىرىدىكى شۇ تەلەپلەرنى ياخشى ئورۇنداپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ مەيلىنى ئۆزىگە تارتتى. بىرەر گېزىت، ژۇرنال ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئوقۇرمەنلىرى، مۇشتەرىلىرىنىڭ ئالقىشىدىنمۇ ئارتۇق مۇكاپات بولمىسا كېرەك، ئەنە شۇنداق كاتتا مۇكاپات ۋە شان- شەرەپكە بۇ ژۇرنال مۇشەررەپ بولدى، بۇ — خۇشاللىنىشقا، پەخىرلىنىشكە ئەرزىيدىغان ئىش ئەمەسمۇ؟

ئۆزىنىڭ ئالتۇن سەھىپىلىرى ئارقىلىق پارتىيىنىڭ ئاۋازىنى ھەر مىللەت خەلقىگە يەتكۈزىدىغان، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يۈرەك ساداسىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرىدىغان، شۇنىڭدەك قېرىنداش مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا مەدەنىيەت، ئۇچۇر، ئىدىيىۋى پىكىر ۋە ھېسسىيات ئالماشتۇرىدىغان، ئېلىمىزدىكى، شۇنىڭدەك دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىلغار ھەم مۇنەۋۋەر تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىش ۋە ئالماشتۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم كۆۋرۈكلۈك رول ئويناپ كېلىۋاتقان، ھەر بىر ئوقۇرمەنگە ئىنسانلىق ۋە دۇنيادا ياشاشنىڭ ئەھمىيىتىنى تونۇتقان، مىللەتلەرنىڭ گۈزەل گۈل -گۈلىستانى بولغان بۇ ژۇرنالنىڭ تەھرىرلىرى بىلەن بىر كۆرۈشۈش، سىردىشىشتىن ئىبارەت ئوتلۇق ئارزۇيۇم بار ئىدى. ئارزۇيۇم ئاخىر ئەمەلگە ئاشتى.

1992-يىلى ئالتۇن كۈز پەسلى ئىدى. ئۇيغۇرچە «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى يولداش ئىدرىس باراتنىڭ خوتەن دىيارىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، ناھايىتى خۇشال بولدۇم ۋە ئۇنى ئىزدەپ بېرىپ دىدار كۆرۈشتۇم، كىشىگە يېقىملىق تۇيغۇ بېرىدىغان، پاكىز، رەتلىك كىيىنگەن، ئوتتۇرا بوي، ئوچۇق-يورۇق ھەم خۇش خۇي بۇ كىشى مەندىن ھال-

ئەھۋال سورىدى. «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى توغرىسىدا كەڭ ئەھۋاللاشتى، ئۆزۈمنىڭ، مۇشتىرىلارنىڭ ئىنكاسى ھەققىدە سۆھبەتتىمىز ناھايىتى كۆڭۈللۈك ھەم ئۇنۇملۇك بولدى، ئۇ، ئۆزىنىڭ ياخشى مىجەز-خۇلقى، سىياسىئونلاردەك سەزگۈرلۈكى، پەيلاسوپلاردەك چوڭقۇر پىكىرلىكى، دىپلوماتلاردەك ئالاقە سەنئىتى، باش مۇھەررىردە بولۇشقا تېگىشلىك يىراقنى كۆرەرلىكى، قابىلىيەت، ئىقتىدارى بىلەن قەلبىمدە چوڭقۇر ئىززەت- ھۆرمەت ئوبرازىنى تىكلىدى. ئۇ ماڭا مۇنداق دېدى: «ئىنىم، مەن سىلى بىلەن كۆرۈشۈشتىن ئىلگىرى 40 ياشلاردا بولسا كېرەك، دەپ ئويلايتتىم، مانا يۈز كۆرۈشتۇق، سىلى تېخى ياپياشكەنلا، سىلى ئاخباراتچىلىق بىلەنلا شۇغۇللىنىپ قالماي، ئىلمىي ئەمگەك، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدىكەنلا، سىلىدە ئۇرغۇپ تۇرىدىغان بىر خىل قىزغىن روھ، تىنىمسىزلىق بىلەن ئىشلەيدىغان چىدام- غەيرەت ھەم ئۈمىد بار ئىكەن، ياشلىق ھارماي ئۆگىنىدىغان، ئىشلەيدىغان ئالتۇن چاغ، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلسىلە، شۇنىسى ھەر ۋاقىت ئەسلىرىدە بولسۇنكى: خەلق — تارىخنىڭ ياراتقۇچىسى، ئۇلارنىڭ ئارزۇ-تەلەپلىرىنى، خۇشاللىق ۋە قايغۇلىرىنى ئىپادىلەش — ھەر بىر قەلەم ئىگىسىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى، شۇڭا مەن سىلىنىڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى يولىدا ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇلۇغۋار كۈرىشى توغرىسىدا كۆپلەپ ياخشى ئەسەرلەرنى يېزىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى ۋە ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنمۇ مېنى داۋاملىق قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. گەرچە ئىككىمىز سۆزلەشكەن ۋاقىت قىسقا بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ماڭا قالدۇرغان تەسىراتى ناھايىتى چوڭقۇر بولغانىدى.

ھاياتىمدىكى خۇشال چاغلارنى زادى ئۇنتۇمايمەن. 1995-يىل 10-ئاينىڭ باشلىرى ئىدى. دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمائىل ئەھمەد جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 46 يىللىقى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن مەركەز ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ خوتەنگە يېتىپ كەلگەنىدى. بۇنىڭ بىلەن قەدىمكى گىلەم، ئەتلەس-شايى، قاشتېشى ماكانى — خوتەن بۆلەكچە شاد-خۇراملىققا چۆمدى. يولداش ئىدرىس باراتمۇ شۇ ئۆمەك تەركىبىدە خوتەنگە كەلگەنىدى. ئۇ خىزمىتىنىڭ ئالدىراش بولۇشىغا قارىماي ۋاقىت چىقىرىپ، مەن ۋە ژۇرنالنىڭ يەنە بىر قىسىم ئوقۇرمەنلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ ئەھۋاللاشتى. بىزگە كۆپلەپ مەدەت- ئىلھام بەردى. ئۇنىڭ ھەرقانداق ۋاقىتتا ژۇرنالنىڭ خىزمىتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش، ژۇرنال مۇشتىرىلىرى بىلەن سىردىشىپ تۇرۇشتەك ياخشى ئىستىلى بىزدە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى. مانا، مىنۇت-سائەتنى، سائەت كۈنلەرنى، كۈنلەر ئايلارنى، ئايلار يىللارنى ياساپ ئۆتمەكتە. ئاشۇ قىممەتلىك ئۇچرىشىشتىن ھازىرغىچە ئىككى يىلدەك ۋاقىت ئۆتتى. شۇنىڭدىن بېرى يولداش ئىدرىس بارات ئۈزۈلدۈرمەي ژۇرنال ئەۋەتىپ مېنى رىغبەتلەندۈرۈپ تۇردى. مەن ھەر قېتىم ئۆزۈمنىڭ يولداش ئىدرىس بارات ئاكا بىلەن كۆرۈشكەن چاغدىكى ئاشۇ مەنزىرىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرسەم، ئۇنىڭ ئىلھام بەخش سۆزلىرى قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلاپ، ماڭا ئاجايىپ غەيرەت ۋە ئىلھام بەخش ئېتىپ، مېنى ئالغا ئۈندەيدۇ. دېمەك، ئۇيغۇرچە «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىدىكى ئۇستازلار ماڭا غايەت زور مەدەت بەردى. ئۇلارنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن ھازىر مەن بۇ ژۇرنالنىڭ قىزغىن ئاپتورلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدىم. مەن مەزكۇر ژۇرنالنىڭ يېقىن دوستلىرىدىن بىرى بولغاچقا، سىرتقا مۇخبىرلىققا بارغانلىكى جايلاردا بۇ ژۇرنالنى تەشۋىق قىلدىم ۋە ئۇنىڭغا مۇشتىرى كۆپەيتىش يولىدا تىرىشتىم، ژۇرنال توغرىسىدا بولۇۋاتقان ياخشى ئىنكاسلارنى بىۋاستە ئاڭلىدىم. ئۆتكەن يىل 11-ئايدا مەن كىشىلەر تەرىپىدىن «ھالاكەت دېڭىزى» دەپ ئاتالغان تەكلىماكان باغرىغا جايلاشقان نىيە ناھىيىسىگە مۇخبىرلىققا بېرىپ، ناھىيە بويىچە ئالدىن بېيىغان دېھقان بارات ئاخۇن ئەكەچ بىلەن كۆرۈشۈپ سۆھبەتلىشىپ قالدىم. گەرچە ئۇ، شۇنچە چەت-ياقا ھەم ئالاھىدە نامرات زېمىندا ياشاۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما گېزىت- ژۇرناللارنى ئوقۇپ تۇرىدىكەن. ئۇ، ماڭا گېزىت- ژۇرناللار توغرىسىدىكى تەسىراتلىرىنى بايان قىلىۋېتىپ: «گېزىت-ژۇرناللار ئىچىدە ‹مىللەتلەر ئىتتىپاقى› ژۇرنىلى ناھايىتى جانلىق، ياخشى چىقىدىكەن» دېدى.

بۇ يىل 3-ئايدا مەن خوتەن ناھىيىسىنىڭ بۇزاق يېزىسىدىكى ئالدىن بېيىغان ياش دېھقان كارخانىچى، ۋىلايەت بويىچە مائارىپنى قوللاش نەمۇنىچىسى، مەملىكەت بويىچە كۆكەرتىش خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس — مەتنىياز

غازى ھاجىم بىلەن سۆھبەتلەشتىم. بۇ مەرىپەتپەرۋەر دېھقان كارخانىچى ماڭا: «مەن مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى بىلەن 1992-يىلى تونۇشقانىدىم. شۇنىڭدىن بۇيان، بۇ ژۇرنالنى داۋاملىق ئوقۇپ كېلىۋاتىمەن، بۇ ژۇرنالنى ئوقۇغانسېرى ئوقۇغۇم كېلىپ تۇرىدۇ، ھەر قېتىم ئوقۇسام خۇددى ئوقۇتقۇچىدىن دەرس ئاڭلىغاندەك بىلىمگە ئىگە بولىمەن. راستىنلا بۇ ژۇرنال مېنىڭ سىرداش دوستۇم بولۇپ قالدى» دېدى.

— «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىغا مۇشتىرى بولۇشنىڭ پايدىسى بارمىكەن؟— دەپ سورىدىم ئۇنىڭ ژۇرنالغا ھېرىسمەنلىكىدىن تەسىرلەنگەن ھالدا.

— ھەقىقەتەنمۇ چوڭ پايدىسى بار ئىكەن.— دېدى ئۇ— بۇ ژۇرنال ئارقىلىق پارتىيىمىزنىڭ مىللەتلەر - دىن سىياسىتىنى، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش توغرىسىدىكى يوليورۇقلىرىنى، شۇنىڭدەك دۇنيادىكى، ئېلىمىزدىكى مىللەتلەرنى بىلگىلى، خەلقئارا ۋەزىيەت، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچكى ۋەزىيىتى، ئۇنىڭدىن باشقا ئۇچۇر، پەن-تېخنىكا يېڭىلىقلىرىدىن ۋاقتىدا خەۋەر تاپقىلى، ھەر خىل پەن-تېخنىكا، قانۇن، تىببىي ساۋات، تارىخىي بىلىم، تۈرلۈك يېڭىلىقلارنى بىلىۋالغىلى بولىدىكەن، بۇ ئارقىلىق ئەقىل- پاراستىمىز ئاشىدىكەن، نەزەر دائىرىمىز كېڭىيىدىكەن، ۋاقىت تاپسىلا، بۇ ژۇرنالنى كۆرىمەن ۋە ئائىلەمدىكىلەر، قولۇم- قوشنىلارغا ئوقۇپ بېرىمەن، بۇ ژۇرنال ھەقىقەتەن ياخشى چىقىدىكەن، مەن «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ مەڭگۈلۈك ئوقۇرمىنى بولۇشنى خالايمەن.

يوقىرىقىلار ئوقۇرمەنلەرنىڭ يۈرەك ئاۋازى، مۇشتىرىلارنىڭ ساداسى. بۇ ژۇرنالنىڭ تېخى ياش تۇرۇپ 80 نەچچە مىڭ مۇشتىرىغا ئىگە بولۇشى چوڭ مۆجىزە.

بۇ ژۇرنال نېمە ئۈچۈن قىسقىلا ۋاقىت ئىچىدە ئاشۇنداق ئاجايىپ قىزغىن ئالقىش ۋە مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشەلىدى؟ بۇنىڭدا ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، مۇشتىرىلارنىڭ قىزغىن قوللاپ- قۇۋۋەتلىشىدىن سىرت، ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمىدىكى خادىملارنىڭ ئۈنۈم بولۇپ، جاپالىدىن، ھېرىپ- چارچاشتىن قورقماي، ئۆزلىرىنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىنى، كۆز نۇرى، زېھنىي كۈچىنى، ئىسسىق يۈرەك قانلىرىنى ھەتتا پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ژۇرنالغا بېغىشلاپ ئىشلىگەنلىكى ۋە ژۇرنالنى روناق تاپقۇزۇش يولىدا جاپالىق ئىزدىنىپ، دادىل يېڭىلىق يارىتىپ، ژۇرنالغا بېھىساب مېھنەت -تەر سىڭدۈرگەنلىكىدىن بولغان.

دېمەك، «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، پۈتۈن مىللەتنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، مىللىي گۈللىنىش ئىشلىرىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈش يولىدا مىللەتلەرگە يول كۆرسەتكۈچى چىراغ بولدى. شۇڭا ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ۋە سۆيۈپ ئوقۇشىغا نائىل بولدى.

مەن بۇ ژۇرنالدىن ئىنتايىن مىننەتدارمەن، چۈنكى ئۇ مېنى كۈچلۈك قوللىدى. روھىي جەھەتتىكى ئىلھام ۋە قوللاش كىشىدە ھەيران قالارلىق غەيرەت -شىجائەت ۋە ئىجتىھاتنى پەيدا قىلىدىكەن، مەن ئىلگىرى ئاددىي بىر ھەۋەسكار ئىدىم، ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمىدىكى مۇھەررىرلەرنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن تىرىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەش ئارقىلىق، بۈگۈنكى كۈندە خوتەن ۋىلايەتلىك ئاخباراتچىلار جەمئىيىتىنىڭ ۋە يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، خوتەن ۋىلايىتى بويىچە كۆزگە كۆرۈنگەن «ئون مەشھۇر ياش»نىڭ بىرى بولدۇم. ئاشۇ نەتىجىلىرىمدە «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىدىكى ئۇستازلارنىڭ كۆپ ھەسسىسى بار، دەپ قارايمەن. ماڭا قانات بەرگەن «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ ئەجرىگە مۇناسىپ جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن داۋاملىق ئىجتىھات بىلەن بېرىلىپ ئىشلەيمەن.

مەن ئاخىرىدا، «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنى مۇشۇنداق جەلپكار قىلىپ چىقىرىش يولىدا كېچە-كۈندۈز جاپالىق ئىشلەۋاتقان بارلىق تەھرىر، مۇھەررىر، نامسىز قەھرىمانلارغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن! ئۆزلىرىنىڭ مۇشەققەتلىك ئەمگىكى ئارقىلىق ژۇرنالنىڭ ھۆسنىگە تېخىمۇ گۈزەل ھۆسن قوشقان بارلىق قەلەمداش دوستلارغا يالقۇنلۇق سالام يوللايمەن!

«مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىغا تېخىمۇ زور ئۇتۇق ۋە شانۇ- شەرەپلەر مەڭگۈ يار بولسۇن!

(ئاپتور: «خوتەن گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلەيدۇ)

# شياڭگاڭدىكى مىللەتلەر مەسىلىسىگە بولغان قاراشلىرىم

● چېن جيارۇڭ ●

«شەرقتىكى مەرۋايىت» دەپ ئاتالغان شياڭگاڭ ۋەتىنىمىز قوينىغا قايتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرماقتا. ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، شياڭگاڭ «توپا ئاستىدا قالغان ئۈنچە - مەرۋايىت». ھەممەيلەن بۇ جاينىڭ ئېسىل جاي ئىكەنلىكىنى بىلسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ نۇرغۇن تەرەپلىرى بولۇپمۇ ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا تولۇق چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشى ناتايىن. مەن «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ شياڭگاڭدا تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان يازغۇچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە قىسقىچە پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويىمەن.

## مىللەتلەرنى پەرقلەندۈرۈش قىيىنراق

شياڭگاڭدا قايسى ئازسانلىق مىللەتلەر بار؟ دېگەندىن ئىبارەت مۇشۇنداق ئاددىي سوئال مېنى تىل قىسىنچىلىقىغا قويىدى.

ئەمەلىيەتتە بۇ ھەرگىز ئاددىي بىر مەسىلە ئەمەس.

بۇ بەلكى قىيىن مەسىلە، شياڭگاڭدا نۇرغۇنلىغان ئازسانلىق مىللەتلەر بار، يەنى ياشلار مىللىيچە ئۇسسۇل ئۆمىكىنى بەرپا قىلغان دەيزۇ ئۇسسۇلچىسى، موڭغۇل ئايال پىئانىنو ئوقۇتقۇچىسى، ئۇزۇن يىل ئورتاق خەنزۇ تىلى ئۆگىتىش بىلەن شۇغۇللانغان مانجۇ مائارىپ خىزمەتچىسى، چاۋشيەن مىللىتىدىن كېلىپ چىققان خەلقئارا سودىگەرلەر، كىتاب نەشر قىلىش، پارچە سېتىش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خۇيزۇ خوجايىنلار ۋەھاكازالار.

بۇ بىر قىيىن مەسىلە، چۈنكى بۇ مەلۇم بىر مىللەت بىلەن چەكلىنىپ قالماي، ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىنغاندىن كېيىن، تەھلىل قىلىپ خۇلاسە قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان ئىشدۇر. ئايرىم مىللەتلەر ھەققىدە مەملىكىتىمىزدىكى بىر قىسىم ئالىملار بەزى ماقالىلەرنى يېزىپ، بۇ مىللەتلەرنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ھالىتىنى تەھلىل قىلغان. ئۇ ماقالىلەردە يېزىلىشىچە «شياڭگاڭدا ھازىر 30 مىڭدىن ئارتۇقراق مۇسۇلمان ئاھالىسى بار، بۇنىڭ ئىچىدە خۇيزۇلار ئەڭ كۆپ بولۇپ، شياڭگاڭدىكى مۇسۇلمانلار ئومۇمىي ئاھالىسىنىڭ 70% تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ؛ قالغانلىرى چەت ئەللىك مۇسۇلمانلاردۇر» دېيىلگەن.

بۇ مەسىلىنىڭ قىيىنلىقى شۇكى، شياڭگاڭغا كىرىپ - چىققانلارنى تىزىملاشتا ۋە نوپۇس تەكشۈرۈشتە، مىللىتى دېگەن تەكشۈرۈش تۈرى يوق، شياڭگاڭدا نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقىي مىللەت تەركىبىنى ئاشكارىلاشنى خالىمايدۇ.

شياڭگاڭدىكى مىللەتلەرنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ ئىنتايىن قىيىن بولۇشى ماتېرىياللارنىڭ كەمچىل بولغانلىقىلا بولماستىن، بۇندىن كېيىنكى تەكشۈرۈش خىزمەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشمۇ ئىنتايىن قىيىن بولغانلىقىدىندۇر. شياڭگاڭ ئەسلى ئارخىپ بار، نوپۇس يوق جاي ئىدى. ئارخىپتىمۇ مىللەتكە ئائىت ماتېرىيال يوق، ئۇ ھەقتە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئىنتايىن قىيىن. شياڭگاڭ تەۋەسىدە ئاھالىلەر ئادرېسىنى ياكى تېلېفون نومۇرىنى ئۆزگەرتمەكچى بولسا، چېگرىدىن كىرگەنلەرنى باشقۇرۇش ئورنىغا خەۋەر قىلىش ھاجەتسىز. بىر كۆچمەن چۈشتىن بۇرۇن چېگرىدىن كىرگەندە، بىرەر تونۇشىنى ياكى دوستىنىڭ ئادرېسىنى قالدۇرۇپ قويۇپ، چۈشتىن كېيىنلا ئادرېسىنى ئۆزگەرتسە بولۇۋېرىدۇ. باج تاپشۇرغۇچىلارمۇ ھەر يىلى باج ئىدارىسىگە ئۆزلىرىنىڭ ئادرېسىنى مەلۇم قىلىپ قويسىلا كۇپايە. ئۇلار ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ ئۆيىنى خالىغانچە ئاقتۇرۇشىنى رەت قىلىدۇ. مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش

ئەھۋاللار مىللەتلەرنى پەرقلەندۈرۈش، تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش خىزمەتلىرىگە زور قولايسىزلىقلارنى كەلتۈرىدۇ.

## قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ تارىخىنى تەكشۈرۈشتىن كەلگەن ئىلھام

مىللەتلەر تارىخى تەتقىقاتى مىللەتلەرنىڭ كۆچۈشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، شىياڭگاڭدىكى خەنزۇلارنىڭ كېلىش مەنبەسىنىڭ ئۆزىلا بىر تەتقىقات تېمىسىدۇر. قەدىمكى زاماندا شىياڭگاڭغا كەلگەن خەنزۇلار تۆۋەندىكىدەك تۆت سىستېمىغا بۆلۈنىدۇ:

1. گۇاڭجۇلۇقلار: ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە بولۇپ، خەن سۇلالىسىدىن كېيىن جەنۇبقا كۆچۈپ، گۇاڭجۇ مەھكىمىسىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئولتۇراقلاشقان، سۇڭ سۇلالىسىدىن كېيىن تۈركۈملەپ شىياڭگاڭغا كۆچۈپ كېلىپ «يەرلىكلەر» دەپ ئاتالغان ھەمدە ئۇلار گۇاڭدۇڭ شىۋىسىنى قوللانغان. شىياڭگاڭ ئارىلىدىكى جيۇلوڭنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىن باشقا، شىنجيې رايونىغا سۇڭ، يۈەن سۇلالىلىرى دەۋرىدە كۆچۈپ كىرگەنلەر ئاساسەن دېڭ، ۋېن، ميۇ، خۇ، پېڭ قاتارلىق بەش جەمەت بولۇپ، ئۇلار «شىنجيېدىكى بەش چوڭ جەمەت » دەپ ئاتالغان.

2. كېجيالار: ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە بولۇپ، ئۇرۇشتىن قېچىپ، فۇجيەن، گۇاڭدۇڭ، جياڭشى چېگرىلانغان رايونلاردا ئولتۇراقلاشقان، كېجيا شىۋىسىنى قوللانغان. مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە كېجيالار تۈركۈملەپ شىياڭگاڭغا كۆچۈپ كەلگەن ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ يەرلىك شىۋىسىنى ساقلاپ قالغان، كۆپىنچىلىرى تاغلىق جايلارغا ماكانلاشقان.

3. فۇجيەنلىكلەر: ئۇلار ئەسلى فۇجيەننىڭ جەنۇبىي ياكى گۇاڭدۇڭنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ئاھالىلەر بولۇپ، بېلىقچىلىق، دېڭىز ترانسپورتى بىلەن شۇغۇللانغان، كېيىنچە شىياڭگاڭغا كۆچۈپ كەلگەن، كۆپ قىسمى بېلىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

4. پەنجيالار: ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى قەدىمكى ۋېيتناملىقلارغا تەۋە بولۇپ، كېيىنچە خەنزۇلارغا ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كەتكەن. ئۇلار شىياڭگاڭدا ئۇزۇن مۇددەت ياشىغان، بىر قىسمى قىرغاققا چىقىپ ماكانلاشقان.

يۇقىرىدا ئېيتىلغانلار تارىخىي كىتابلار، جەمەت نەسەبنامىلىرى، قورۇلۇش ۋە كېمە قاتارلىق قەدىمىي يادىكارلىق شۇنىڭدەك ئاسارئەتىقىلەرگە ئاساسەن تەتقىق قىلىنغان. بۇندىن باشقا، موڭغۇل، مانجۇ مىللەتلىرى مەركىزىي خاندانلىق قۇرغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ جەنۇبقا كۆچۈپ كەلگەن.

## مىللەتلەرنى قايسى جەھەتتىن تەكشۈرۈش كېرەك

شىياڭگاڭدىكى مىللەتلەرنى تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش گەرچە قىيىن بولسىمۇ، ئۇنى تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ تەتقىق قىلىشىمىز كېرەك.

مېنىڭچە، شىياڭگاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشتا تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتكە دىققەت قىلىش كېرەك:

1. ئادەتتىكى تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇش. زامانىۋىلاشقان شىياڭگاڭدا تېلېفون ئالاقە ئىشلىرى خېلى تەرەققىي قىلغان، بۇ بىزنىڭ تەكشۈرۈش خىزمىتىمىزگە قولايلىق يارىتىپ بېرىدۇ.

2. خەلق ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ زىيارەت قىلىش. ئىبادەتخانىلارغا بېرىپ، ئامما بىلەن كەڭ دائىرىدە ئالاقە باغلاش كېرەك. خۇيزۇ ۋە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان باشقا مىللەتلەرگە نىسبەتەن شىياڭگاڭدىكى بىرمۇنچە مەسچىتلەر ۋە بەزى يىغىلىشلار ئالاقە باغلايدىغان ئەڭ ياخشى ئورۇندۇر.

3. شىياڭگاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئارخىپلىرىدىن پايدىلىنىش كېرەك. شىياڭگاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئارخىپلىرىدا مىللەت ئايرىمىسى بولمىسىمۇ، ئەمما

يۇرتى ياكى دىنىي ئېتىقادى ھەققىدىكى ستاتىستىكىلار بار. بۇ ياخشى پايدىلىنىش ماتېرىيالى بولالايدۇ. مەسىلەن، «شىياڭگاڭنىڭ 1988 - يىللىق تەزكىرىسى» دە دېيىلىشىچە: 1986 - يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى نوپۇس ستاتىستىكىسىدا كۆرسىتىلىشىچە، شىياڭگاڭنىڭ ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ % 59.3 تى شىياڭگاڭدا تۇغۇلغان، كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ ئەسلى يۇرتى گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى بولۇپ، گۇاڭجۇ، شىياڭگاڭ، ئاۋمېن قاتارلىق يېقىن قوشنا رايونلاردىن كەلگەنلەرمۇ بار. 1987 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىياڭگاڭدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئەنگلىيە فېدېراتسىيىسىگە تەۋە چەت ئەل ئاھالىلىرىنىڭ سانى 67 مىڭ 900 گە يەتكەن.

4. ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىش كېرەك. چوڭ قۇرۇقلۇقتىكى ئاھالىلەر شىياڭگاڭ، ئاۋمېنغا بېرىپ - كېلىشتە ئىشلىتىلىدىغان يول خېتىدە مىللىتى دېگەن كاتەكچە بولمىسىمۇ، ئەمما يەرلىك ھۆكۈمەتلەردە سىرتقا چىققۇچىلارنىڭ ئەھۋالى تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن.

## جۇڭگولۇقلار دۇنياسىنىڭ مىللەتلەر چوڭ پىچى

يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، شىياڭگاڭدىكى مىللەتلەر مەسىلىسى دۆلەت ئىچى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، پۈتۈن دۇنياغا تاقىلىدۇ. ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئالاھىدە تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ھەر خىل مىللەت ۋە ھەرقايسى دۆلەتلەردىن نۇرغۇن كىشى شىياڭگاڭغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە ۋاقىتلىق ئاھالىمۇ، مەڭگۈلۈك ئاھالىمۇ بار. شۇڭا شىياڭگاڭدىكى مىللەتلەرنى كۆزىتىشتە، تەتقىق قىلىشتا نەزەر دائىرىمىزنى كەڭرەك تۇتۇشىمىز كېرەك.

شىياڭگاڭغا كىرىپ - چىققانلارنىڭ ماتېرىيالىدا دۆلەت تەۋەلىكى ئەسكەرتىلىدۇ. نوپۇس ئېنىقلاشمۇ شۇ بويىچە بولىدۇ. شىياڭگاڭدىكى مىللەتنىڭ كۆپ بولۇش مەسىلىسى ھەم مىللەتكە زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان دىن مەسىلىسى بولۇپ، ئۇ كەڭ مەنىگە ئىگە ھەم خەلقئارالىق تۈس ئالغان. 1996 - يىلىدىكى ستاتىستىكىغا قارىغاندا، داۋجياۋ دىنى ۋە بۇددا دىنى ئىبادەتخانىلىرى 350 كە، كاتولىك دىنى چېركاۋى 62 گە، خىرىستىئان دىنى چېركاۋى 1000 دىن كۆپرەككە، چوڭ مەسچىت تۆتكە يەتكەن، ھىندى دىنى، شىك دىنى، يەھۇدىي دىنى چېركاۋ ئىبادەتخانىلىرىنىمۇ ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

ئىقتىسادنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى يېقىنلىشىشقا يۈزلەندى، بۇ مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا بىرىكىشى ئۈچۈن ياخشى شارائىت ھازىرلىدى. ئەگەر ئىلگىرى دۇنيادىكى چوڭ پورت چۈەنجۇ قەدىمكى زاماندا دۇنيادىكى دىنلارنىڭ مۇزېيى دەپ ئاتالغان بولسا، شىياڭگاڭ ھازىرقى زاماندا دۇنيادىكى دىنلارنىڭ كۆرگەزمىخانىسى دەپ ئاتالسا ئەرزىيدۇ. شۇڭا شىياڭگاڭ جۇڭگولۇقلار دۇنياسىنىڭ مىللەتلەر چوڭ پىچىغا ئايلانماقتا.

## ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى مىللەتلەر خىزمىتى

ئۇزۇن ئۆتمەي، دۆلىتىمىزنىڭ سىرتىدا لەيلەپ يۈرگەن بۇ گۆھەر كېمە ئانا يۇرتىغا قايتىپ كېلىدۇ، شىياڭگاڭلىق قېرىنداشلارنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، ۋەتىنىمىز ھەرقايسى تەرەپلەردىن تەييارلىق قىلماقتا. مىللەتلەر خىزمىتى سىستېمىسىدىكىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، شىياڭگاڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن قانداق خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇش مەسىلىسى تەتقىق قىلىنىدۇ.

مەن تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە تەكلىپنى بەرمەكچى.

1. ئىجتىمائىي پاراۋانلىق خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىش ۋە ئۇنى يۈكسەلدۈرۈش كېرەك. شىياڭگاڭدا ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرى خېلىلا تەرەققىي قىلغان، ئالاقىدار ئورگانلار ئېلان چىقىرىش يولى

بىلەن قىيىنچىلىقى بار ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋە باشقا ئىشلىرىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىدۇ. بۇ ئىجتىمائىي پاراۋانلىق خىزمىتىنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ.

2. ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىم رايونلارنى گۈللەندۈرىدىغان كۆۋرۈك بەرپا قىلىش. شياڭگاڭدا، ئازسانلىق مىللەتتىن بولغان بىر قىسىم تەرەققىي تاپقان ئەربابلار ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ تەرەققىيات ئىشلىرىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدۇ ھەمدە ئۇنى قوللاشنى خالايدۇ. بىز بۇ كىشىلەر بىلەن كەڭ ئالاقە باغلاپ، ئۇلارغا ھەر تەرەپتىن قولايلىق يارىتىپ ۋە ئېتىبار بېرىپ، ئۇلارنىڭ مەبلەغ، تېخنىكا جەھەتلەردە ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىم رايونلاردىكى ئازسانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىغا ياردەم بېرىشىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك.

3. مىللىي باراۋەرلىك ۋە دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى يۈرگۈزۈش كېرەك. شياڭگاڭ ۋەتىنىمىز قوينىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ ئاساسىي قانۇنىنىڭ روھىغا ئاساسەن، مىللەتلەر باراۋەرلىكى ۋە دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىشىمىز ھەمدە ئۇنى ھەقىقىي تۈردە ئىزچىللاشتۇرۇپ ئىجرا قىلىشىمىز كېرەك. شياڭگاڭدىكى كەڭ خەلق ئاممىسىنى شياڭگاڭنىڭ مۇقىم گۈللىنىشىنى ساقلاشقا دەۋەت قىلىپ، ھەر مىللەت ئوغۇل- قىزلىرىنى ۋەتەنگە تەلپۈندۈرۈشىمىز كېرەك.

4. مىللەتلەرنىڭ بىرلىكىش نەزەرىيىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك. شياڭگاڭ دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى نۇرغۇن مىللەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان رايون بولغاچقا، بىز مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ بېيىتىشىمىز كېرەك، بۇمۇ بىزنىڭ مىللەتلەرنىڭ بىرلىكىش نەزەرىيىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىمىزدىكى مۇھىم سورۇن ۋە پۇرسەت. شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، جاپاغا چىداپ تىرىشساقلا، جۇڭگو بىلەن دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنىڭ كەلگۈسى تېخىمۇ پارلاق بولغۇسى.

(ئەخمەت ئابدۇۋەلى تەرجىمە قىلدى)

## قەترىلەر

**كۆچۈرمىكەش**

— نېمە ئۈچۈن باشقىلار مېنى ئوغرى دېيىشىدۇ،نېمە، مەن بىراۋنىڭ يانچۇقىغا قول سالىمەنمۇ؟ — دېدى كۆچۈرمىكەش.

— سەن يانچۇقچىدىنمۇ يامانراق ئوغرىسەن، — دېدى ئۇنىڭغا، — چۈنكى يانچۇقچى پەقەت نەرسە ئوغرىلايدۇ، سەن بولساڭ ھەم نەرسە، ھەم ئابروي ئوغرىلايسەن.

**يوقىلىش**

ئوتتۇز ئىككى چىش قاتار سەپ تارتىشىپ، بىر-بىرىگە ھەمراھ بولۇپ، بىر - بىرىنى قوغداپ مەزمۇت تۇرۇشاتتى. تۇيۇقسىز بىر چىشقا دەز كېتىپ، ئۇ ئورنىدىن بوشاپ قالدى. كېيىن قالغان چىشلارمۇ ئانچىكى ئىشلار تۈپەيلىدىن چۈشۈپ كېتىشكە باشلىدى.

**كېپىنەك**

— ئەنە كېپىنەك كېلىۋاتىدۇ، ئۇ پەقەت مېنىڭ ئەتراپىمدىلا پەرۋانە، — دېدى چىنىگۈل رەناگۈلگە.

— ھەي، ئۇ كۆرۈنگەنگە پەرۋانە بولۇۋېرىدۇ. قاراپ تۇر، ھازىر سېنى تاشلاپ ماڭا نازلىنىدۇ، - دېدى رەناگۈل

**پەرز**

— سالام، — دېدى سالام.

ئەمما ئېلىك ئۈندىمىدى.

كېيىنكى قېتىم سالامۇ ئۈندىمەي ئۆتۈپ كەتتى.

(ئۆزبېكچە «ئالامەت دۇنيا» دېگەن كىتابتىن خەمىت نېغمەت تەييارلىدى)

# جۇڭگو ـ ئامېرىكا مىللىي مائارىپىنىڭ سېلىشتۇرمىسى

● يىن لۇچاڭ ●

دۆلىتىمىز بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت. ئامېرىكىمۇ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن 140 تىن ئارتۇق ئوخشاشمىغان كۆچمەن مىللەتتىن تەركىب تاپقان دۆلەت. ئامېرىكىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ياۋروپالىقلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىدىن باشقا مىللەتلەرنى، ئاسىيالىقى، ئافرىقا قان سىستېمىسىدىكى ئامېرىكىلىقلار، يەرلىك ئامېرىكىلىقلار، ئىسپان قان سىستېمىسىدىكى ئامېرىكىلىقلار ۋە ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان ئەللىرى قان سىستېمىسىدىكى ئامېرىكىلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

مىللىي مائارىپ ئېلىمىز مائارىپ ئىشلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، شۇنداقلا مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنىدۇر. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيە ۋە ھۆكۈمىتىمىز ئېلىمىزنىڭ مىللىي مائارىپ ئىشلىرىغا يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەردى، دۆلەت مالىيەسىمۇ مالىيە كۈچى جەھەتتە زور كۈچ بىلەن قوللىدى، شۇنىڭ بىلەن، ئېلىمىزنىڭ مىللىي مائارىپ ئىشلىرى كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. ئامېرىكا دۇنيادىكى ئەڭ تەرەققىي تاپقان كاپىتالىستىك دۆلەت بولۇپ، گەرچە مەملىكەت ئىچىدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدە ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپى ساھەسىدە قىسمەن مەسىلىلەر ساقلىنىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن مەلۇم جەھەتلەردىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرىنى ئەينەك تەرىقىسىدە قوبۇل قىلىشقا ئەرزىيدۇ. جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئىككى دۆلەتتە مەيلى تۈزۈلمە ياكى دۆلەت كۈچى جەھەتتە، شۇنىڭدەك مەدەنىيەت ئېڭى جەھەتتە بولسۇن، پەرق ئىنتايىن زور. مەزكۇر ماقالىدە ئېلىمىز بىلەن ئامېرىكىنىڭ مىللىي مائارىپىدىكى ئالاھىدىلىكلەر ئۈستىدە توغرا لىنىيىلىك سېلىشتۇرۇش ۋە مۇلاھىزە ئېلىپ بارماقچىمىز.

## ئېلىمىزنىڭ مىللىي مائارىپى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى

دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن ھۆكۈمىتىمىز مىللىي مائارىپقا يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەردى ھەمدە مىللىي مائارىپنى پۈتكۈل مائارىپ ئىشلىرىدىن ئايرىپ چىقىپ مەخسۇس تەتقىق قىلدى. ئېلىمىزنىڭ مىللىي مائارىپ ئىشلىرى مىسلى كۆرۈلمىگەن زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. بەزى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ مائارىپ تەرەققىيات سەۋىيىسى مەملىكىتىمىزنىڭ ئوتتۇرىچە تەرەققىيات سەۋىيىسىگە يەتتى، ھەتتا ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتتى.

ھۆكۈمىتىمىزنىڭ مىللىي مائارىپقا يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكى مىللىي مائارىپقا سىياسەت ۋە خىراجەت قاتارلىق جەھەتلەردە ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەنلىكىدە مەركەزلىك گەۋدىلىنىدۇ:

1. ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا كۆپ خىل مەكتەپ باشقۇرۇش شەكلىنى قوللاندى

(1) مىللىي مەكتەپ ياكى مىللىي سىنىپ. ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ياكى ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىسى كۆپرەك بولغان جايلاردا شۇ جايدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىغا يۈزلەنگەن مىللىي ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر قۇرۇلدى. بىر مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا شۇ مىللەتنىڭ باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلىرى قۇرۇلدى. كۆپ مىللەت ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا ھەرقايسى مىللەت ئاممىسىنىڭ ئىختىيارلىقى ۋە شۇ جاينىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار بىرلىكتە ئوقۇيدىغان مەكتەپلەر ياكى شۇ مەكتەپلەردە ئايرىم سىنىپ تەسىس قىلىش چارىسى قوللىنىلدى. ئاز سانلىق مىللەتلەر شالاڭ ياكى تارقاق ئولتۇراقلاشقان، قاتناش قولايسىز، چەت، يىراق، تاغلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق رايونلىرىدا ياتاقلىق مەكتەپ ياكى بىرىم ياتاقلىق تۈزۈمىدىكى مىللىي ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ سىنىپلىرى ئېچىلدى. مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇشتا پەۋقۇلئاددە قىيىنچىلىقى بار بولغان ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا باشقا جايلارغا ئوقۇشقا ئورۇنلاشتۇرۇش چارىسى قوللىنىلدى. (2) ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوملار ئۈچۈن مىللىي تەييارلىق سىنىپلىرى. مىللىي تەييارلىق سىنىپلىرىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغاندا، ئالىي مەكتەپكە ئۆرلەش ئىمتىھانىغا قاتناشقان ئاز سانلىق مىللەت

ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئەلالىرى تاللىۋېلىنىپ، ئاساسەن، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىكى، بولۇپمۇ ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە دەرسلىرى تەكرارلاندى، ھەم خەنزۇ تىلىدا ئاڭلاش ئىقتىدارى يېتىلدۈرۈلدى. تەييارلىق سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بىر ـ ئىككى يىل داۋامىدا تولۇقلاپ، تەكرارلاش ئارقىلىق لاياقەتلىك بولغانلىرى شۇ مەكتەپنىڭ مۇناسىۋەتلىك تولۇق كۇرس كەسپىي سىنىپلىرىغا ئۆرلەپ ئوقۇشقا قوبۇل قىلىندى. ھازىر ئېلىمىز بويىچە 300 دىن ئارتۇقراق مىللىي تەييارلىق سىنىپى بار بولۇپ، ئوقۇغۇچى سانى 9000 دىن ئاشىدۇ. (3) مەخسۇس مىللىي ئالىي مەكتەپلەر. ئېلىمىزدىكى بەش چوڭ ئاپتونوم رايوندا ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى قوبۇل قىلىش ئاساس قىلىنغان مىللىي ئالىي مەكتەپلەر تەسىس قىلىنغان: ئېلىمىز يەنە مەخسۇس بەش مىللىي ئالىي مەكتەپ تەسىس قىلغان بولۇپ، ئۇ مەكتەپلەردە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى، ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە ھەر خىل كەسپىي ئىختىساس ئىگىلىرى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈلمەكتە.

2. ھۆكۈمەت ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار، رايونلار ۋە ئالىي مەكتەپلەرنى ئوقۇتقۇچى، ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرى، مەكتەپ باشقۇرغان كارخانىلار، مائارىپ ئۇنىۋېرسال ئىسلاھاتىنى سىناق قىلىش، مىللىي مەكتەپ قۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ساھەلەر بويىچە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىغا ياردەم بېرىشكە تەشكىللىدى.

3. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوقۇغۇچىلىرىغا ئېتىبار بېرىلدى. دۆلەت ئاز سانلىق مىللەت پەرزەنتلىرىنىڭ مەكتەپكە كىرىش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ھەمدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆرلەپ بىلىم ئىگىلىشىگە ئىلھام بېرىش ۋە ياردەم قىلىش ئۈچۈن، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى دۆلەت خىراجىتى بىلەن ئوقۇتۇش ۋە خەلق ئوقۇش ياردەم پۇلى بېرىش تۈزۈمىنى قوللاندى.

4. خىراجەت جەھەتتە مىللىي مائارىپقا ئېتىبار بېرىلدى. 1951 ـ يىلىلا دۆلەت مالىيەسى ئادەتتىكى مائارىپ خىراجىتىدىن سىرت يەنە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈچۈن ئالاھىدە ياردەم خىراجىتى ئاجراتقاندى. مىللىي ئالىي مەكتەپلەر (ئالىي مائارىپ ۋە ئادەتتىكى مائارىپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) باشقا مەكتەپلەرگە ئوخشاشلا نورمال خىراجەتنى ئېلىشنى ئىلتىماس قىلغاندىن سىرت يەنە ئاز سانلىق مىللەت مائارىپى ياردەم پۇلى بېرىشنى ئىلتىماس قىلىپ، ئۇنى مەخسۇس مىللىي مائارىپ تەربىيىسى ئېلىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرمۇش ياردەم خىراجىتى، ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرى ۋە مەكتەپ قۇرۇلۇشى قاتارلىق جەھەتلەرگە چىقىم قىلدى. 1983 ـ يىلدىن باشلاپ، مەركەز مالىيەسى كونا ئازاد رايونلار، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرى، چەت ۋە نامرات رايونلاردا باشلانغۇچ مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش مەخسۇس خىراجىتى ۋە كەسپىي مائارىپ مەخسۇس خىراجىتى تەسىس قىلىپ، ھەر يىلى 50 مىليون يۈەندىن ئاجرىتىپ بەردى: 1986 ـ يىلدىن باشلاپ، مەركەز مالىيەسى يەنە مىللىي سىفەن مائارىپىغا مەخسۇس خىراجەت تەسىس قىلىپ، 1986 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلىغىچە ھەر يىلى 200 مىليون يۈەندىن، 1991 ـ يىلدىن باشلاپ ھەر يىلى 100 مىليون يۈەندىن ئاجراتتى. 1990ـ يىلىدىن باشلاپ، مەركەز مالىيەسى مىللىي مائارىپقا مەخسۇس خىراجەت تەسىس قىلىپ، ھەر يىلى 20 مىليون يۈەندىن ئاجراتتى. ئالدىنقى ئۈچ تۈردىكى مەخسۇس ئاجرىتىلغان خىراجەتنىڭ % 70 ى چەت، يىراق مىللىي ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارغا ئاجرىتىپ بېرىلدى. مىللىي مائارىپقا مەخسۇس ئاجرىتىلغان خىراجەتنىڭ ھەممىسى مىللىي مائارىپقىلا سەرپ قىلىندى. ئۇنىڭدىن سىرت، جايلار يەنە مەركەز مالىيەسى ئاجراتقان «تەرەققىي تاپمىغان رايونلارغا بېرىلىدىغان مەخسۇس ياردەم پۇل»دىن بىر قىسمىنى ئايرىپ مىللىي مائارىپ خىراجىتىدىكى كەملىكنى تولدۇرماقتا. شۇنىڭ بىللەن بىرگە دۇنيا بانكىسى قەرز پۇلىدىن پايدىلىنىش جەھەتتە، دۆلەت مالىيەسىمۇ مىللىي مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئاكتىپ قوللىماقتا.

5. مىللىي يېزىق ۋە دەرسلىك ماتېرىياللىرى. ئېلىمىزدە ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل ـ يېزىقىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىلگەن. ھەر دەرىجىلىك مالىيە تارماقلىرى ھەر يىلى مىللىي ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى تۈزۈش ـ تەرجىمە قىلىش ئىشلىرىغا مەخسۇس خىراجەت ئاجرىتىپ، مىللىي ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى تۈزۈش ـ تەرجىمە قىلىش خىزمەتلىرىنىڭ ئۈگۈشلۈق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلماقتا.

ئۇنىڭدىن سىرت، ئېلىمىزدە ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى خىزمەتكە تەقسىم قىلىش جەھەتتە، ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئالىي مەكتەپ ـ تېخنىكۇم ئوقۇغۇچىلىرىنى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىغا، بولۇپمۇ جاپالىق رايونلاردىكى تەلىم ـ تەربىيە ئىشلىرىنىڭ ئالدىنقى سەپلىرىگە خىزمەتكە تەقسىم قىلىش سىياستى ۋە تەدبىرلىرى قوللىنىلماقتا، ۋەھاكازالار.

**ئامېرىكىنىڭ مىللىي مائارىپى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى**

ئامېرىكىنىڭ مىللىي مائارىپى بىر پۈتۈن مائارىپ ئىشلىرىدىن ئايرىپ چىقىپ تەتقىق قىلىنمىغان، شۇڭا ئۇلاردا «مىللىي مائارىپ» دېگەن ئۇقۇممۇ يوق. خىراجەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئامېرىكىدا مەخسۇس مىللىي مائارىپ خىراجىتىمۇ يوق. بۇنىڭدىكى سەۋەب شۇكى، ئامېرىكىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر «پۇقرالار تەڭ باراۋەر تەربىيىلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە» دېگەن بايراق بىلەن ئۆز ھوقۇقىنى قوغدايدۇ.

(1) ئامېرىكىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى بەھرىمەن بولىدىغان ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرى

1. «ئالاھىدە كىشىلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان» خىراجەت

ئامېرىكىدا ئاساسىي قانۇن ۋە ئالاقىدار قانۇنلارغا ئاساسەن، دۆلەت مەجلىسى، يەرلىك پارلامېنتلار ۋە ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ھەر قانداقنىڭ مەلۇم بىرەر مىللەت مائارىپىغا يار ـ يۆلەك بولۇش نامىدا قانۇن چىقىرىشىغا ياكى مەمۇرىي بۇيرۇق چۈشۈرۈشىگە بولمايدۇ. لېكىن «ئالاھىدە كىشىلەر» (ئادەتتىكى پۇقرالارغا ئوخشاش نورمال تۇرمۇش، خىزمەت قاتارلىق ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن بولالمايدىغان «كىشىلەر توپى»)نىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلى، مائارىپتىكى باراۋەرلىك ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش نامى بىلەن تەدبىر تۈزۈشكە بولىدۇ. «ئالاھىدە كىشىلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان» خىراجەتتىن بەھرىمەن بولغۇچىلار ئاساسلىقى، ئامېرىكىدىكى ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئىبارەت.

2. «نامرات» ئوقۇغۇچىلارغا بېرىلىدىغان ياردەم

نامرات ئوقۇغۇچىلار (ئاساسلىقى، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى، ئەمما ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ) نى ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ياردەمگە ئېرىشتۈرىدىغان مۇنداق ئىككى قاتلام بار: بىرىنچىسى، ئامېرىكا قوشماشتاتلىرى ھۆكۈمىتى، شتاتلىق ھۆكۈمەت ۋە يەرلىك ھۆكۈمەت تەمىنلەيدىغان ئوقۇش ياردەم پۇلى. ئىككىنچىسى، خەلق ئارىسىدىكى كۆپلىگەن مائارىپ تەشكىلاتلىرى، خۇسۇسىي كارخانىلار، فوند جەمئىيەتلىرى مەكتەپلەر ئۈچۈن تەسىس قىلغان ئوخشاشمىغان ناملاردىكى ئوقۇش مۇكاپات پۇلى، ئوقۇش ياردەم پۇلى ۋە باشقا ياردەم پۇللىرى.

(2) ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەر بەھرىمەن بولىدىغان ئوخشاشمىغان ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرى

مائارىپ ئىشلىرىدا، ئامېرىكا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتا ئېلىمىزدىكىدەك بىردەك مۇئامىلە قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانمايدۇ. ھەرقايسى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ مائارىپتا ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇشىدا پەرق ئىنتايىن زور.

ئافرىقا قان سىستېمىسىدىكى ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئۆزىگە خاسراق ئالاھىدىلىكى بولغان «نېگىرلار ئەنئەنىۋى ئالىي مەكتەپلىرى» بار. بۇ خىل ئالىي مەكتەپلەر ئامېرىكىدا جەنۇب ـ شىمال ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن تەدرىجى شەكىللەنگەن بولۇپ، ھازىر ئامېرىكا بويىچە مۇنداق نېگىرلار ئەنئەنىۋى ئالىي مەكتەپلىرىدىن 176 سى بار.

يەرلىك ئامېرىكىلىقلار (ئىندىئانلار) غا نىسبەتەن ئېيتقاندا، گەرچە ئۇلار پۈتكۈل ئامېرىكا ئاھالىسىنىڭ 1 % گە يەتمىسىمۇ، ئامېرىكا پارلامېنتىنىڭ ئالاھىدە دىققىتىگە سازاۋەر بولغان (تەخمىنەن 750 مىڭ يەرلىك ئامېرىكىلىق 44 مىليون ئىنگلىزموسى كېلىدىغان «ساقلاپ قېلىنغان زېمىن» دا ئولتۇراقلاشقان). «ساقلاپ قېلىنغان زېمىن» دىكى مەكتەپلەرنى ھازىر ئامېرىكا ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ئىندىئانلار ئىدارىسى باشقۇرىدۇ، بارلىق مائارىپ خىراجىتىنى قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتى تەمىنلەيدۇ (ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاماق ـ ياتاقلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ).

ئىسپان قان سىستېمىسىدىكى ئامېرىكىلىقلار بەھرىمەن بولىدىغان ئېتىبار بېرىش سىياستى. ئامېرىكا بويىچە ئىسپانىيىلىكلەر ئەۋلادلىرىنىڭ ئالىي مەكتەپلىرىدىن 175 ى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە

45 ى دۆلەت مەجلىسىنىڭ ئالاھىدە ئاجراتقان خىراجىتىگە ئېرىشىش ئىمتىيازىغا ئىگە.

ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان ئەللىرى قان سىستېمىسىدىكى ئامېرىكىلىقلارغا نىسبەتەن ئامېرىكىدىكى باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتىلغاندەك ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرى يوق دېيەرلىك. بۇنىڭ ئاساسىي سەۋەبى شۇكى، بىر تەرەپتىن ئىلگىرىكى ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان ئەللىرى قان سىستېمىسىدىكى ئامېرىكىلىقلار باشقا مىللەتلەرگە قارىغاندا مائارىپقا بەكرەك ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، ساپاسى يۇقىرىراق، شۇڭا ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئۇلارنى ئارتۇقچە ئېتىبار بېرىشكە مۇھتاج ئەمەس دەپ قارايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلارنىڭ سىياسىيغا ئارىلاشقۇسى كەلمەيدۇ. شۇنداق بولغاچقا، ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان ئەللىرى قان سىستېمىسىدىكى ئامېرىكىلىقلار مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، جەمئىيەتنىڭ ئېتىبارىدىن چەتتە قالغان.

(3) ئامېرىكىنىڭ قوش تىللىق مائارىپى

ئامېرىكىنىڭ قوش تىللىق مائارىپى ئىنگلىز تىلى ئىقتىدارى چەكلىك بولغان بىر كىشىگە قانداق قىلىپ ئۆز ئانا تىلىدىن ھالقىغان ھالدا ئىنگلىز تىلىنى ئىگىلىتىشنى كۆزدە تۇتىدۇ. بىلىمىزنىڭ قوش تىللىق مائارىپىدا بولسا، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىغا قانداق قىلىپ ئۆز ئانا تىلىنى پۇختا ساقلاپ قېلىش بىلەن بىرگە خەنزۇ تىلىنىمۇ ئۆگىتىپ قوش تىلنى ئىگىلىتىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئامېرىكىنىڭ قوش تىللىق مائارىپى ئەگرى ـ توقاي تەرەققىيات جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەن. 19 ـ ئەسىردە خۇسۇسىيلار ھەم ھۆكۈمەت تەسىس قىلغان ئورۇنلىغان مەكتەپلەردە، ئاز سانلىق مىللەت تىللىرى ياكى شۇ ئاز سانلىق مىللەت تىللىرى بىلەن ئىنگلىز تىلىدىن ئىبارەت ئىككى خىل تىلدا ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىلغان. لېكىن مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بىرمۇنچە شىتاتلاردا ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىنى ئوقۇتۇش تىلى قىلىشنى چەكلەش ھەققىدىكى قانۇن ـ پەرمانلار ماقۇللانغان. 60 ـ يىللاردا، نېگىرلارنىڭ پۇقرالىق ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ھەرىكىتىنىڭ ئىلھامى بىلەن، مىللىي ئاڭنىڭ باش كۆتۈرۈشىگە ئەگىشىپ، ھۆكۈمەت مەكتەپلىرىدە قوش تىللىق مائارىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. 1968 ـ يىلى جونسۇن زۇڭتۇڭ «قوش تىللىق مائارىپ لايىھىسى» گە ئىمزا قويغاندىن كېيىن، قوش تىللىق مائارىپ قانۇنىي كاپالەتكە ئىگە بولغان.

(4) ئامېرىكىنىڭ «كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيىتى»

«كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەت» ئامېرىكا ئىلىم ساھەسىدىكىلەر يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئىلگىرىكى «قوشۇۋېلىش سىياسىتى» ۋە «ئوقۇل مەدەنىيەت» نەزەرىيىسىگە زىت ھالدا ئوتتۇرىغا چىقارغان يېڭى ئۇقۇمدۇر، شۇنداقلا ئامېرىكا جەمئىيىتىدە ئورتاقلىقنى زىيادە تەكىتلەش تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان جەمئىيەت تەڭپۇڭسىزلىقى مەسىلىسىنىڭ مەھسۇلىدۇر. «كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەت» ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. شۇنداقلا ئاساسلىق مىللەتنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيىتىنى ھەم ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس مەدەنىيىتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان؛ ھەر بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى ئۆزىگە يارىشا قىممەتكە ئىگە بولۇپ، ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇش داۋامىدا بىر ـ بىرىنى تولۇقلاپ بارىدۇ. گەرچە پۈتكۈل ئامېرىكىدا «كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەت» كە قارىتا ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلىنمىغان بولسىمۇ، نۇرغۇن مەكتەپلەر سىناق ئېلىپ بېرىش ۋە ئىزدىنىش ئارقىلىق ئوقۇتۇش مەزمۇنى ۋە ئوقۇتۇش ئۇسۇلى جەھەتتە، «كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەت» روھىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتمەكتە. بەزىلىرى يەنە تۈرلۈك مەكتەپ پائالىيەتلىرىنى (ئالايلۇق، مىللىي سەنئەت بايرىمى، مىللەتلەر كۆرگەزمىسى قاتارلىقلارنى ئۇيۇشتۇرۇش) تەشكىللەش ئارقىلىق ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆزئارا بېرىش ـ كېلىش قىلىش ۋە چۈشىنىشىنى ئىلگىرى سۈرمەكتە.

**ئامېرىكا مىللىي مائارىپىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە ئامېرىكا مىللىي مائارىپىنىڭ ئىلھامى**

(1) ئامېرىكا مىللىي مائارىپىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر

1. ئامېرىكىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تەربىيىلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشىشى ئەمەلىيەتتە تەكشى ئەمەس. ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قىلىنىدىغان ئېتىباردا ناھايىتى زور پەرق بار. مەسىلەن، ئاسىيا - تىنچ ئوكيان ئەللىرى قان سىستېمىسىدىكىلەردە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىغاندا ھېچقانداق ئېتىبار بېرىش يوق دېيىشكە بولىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن، ئامېرىكا مائارىپ مەبلىغىنىڭ ئاساسلىق كېلىش مەنبەسى شتاتلار ۋە يەرلىك ھۆكۈمەتلەر تاپشۇرىدىغان باج سوممىسىدۇر، يەنى باج سوممىسى شۇ جاينىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسىگە ئاساسەن بېكىتىلىدىغان بولغاچقا، نامرات رايونلار (ئادەتتە ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىلىرى بىرقەدەر مەركەزلەشكەن رايونلار) دىكى كىشى بېشىغا ۋە ئوقۇغۇچى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە مائارىپ خىراجىتى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن تۆۋەن بولىدۇ.

2. «ئورتاقلىق» ھەددىدىن زىيادە تەكىتلەنگەن. بۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتى ئاساسىي جەھەتتىن چەتكە قېقىلىۋاتقانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: يەرلىك ئامېرىكىلىقلارنىڭ نۇرغۇن قەبىلىلىرى تىل ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئامېرىكا مەدەنىيىتى تەرىپىدىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنغانلىقتىن، ھازىر يوقىلىش گىردابىغا كېلىپ قالدى. يەنە مەسىلەن: ئىندىئانلار ساقلاپ قالغان زېمىندىكى مەكتەپلەر قۇرۇلغان دەسلەپكى چاغلاردىلا قۇرۇقلۇق ئارمىيە مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن باشقۇرۇلغان، كېيىن بىۋاستە ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىگە تەۋە بولغان. بۇنىڭدىكى مەقسەت، ياۋروپا ھەربىي مەكتەپلىرىنىڭ شەكلى بويىچە ئىندىئانلارنىڭ ياۋروپا مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىشىنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت ئىدى. مۇنداق «ئورتاقلىق» قىلا ئەھمىيەت بېرىپ، ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ «خاسلىقى»غا سەل قارىلىشى مۇقەررەر ياخشى ئاقىۋەت ئېلىپ كەلمەيدۇ.

(2) ئېلىمىزنىڭ مىللىي مائارىپ ئىشلىرىغا بولغان ئىلھامى

1. مىللىي مائارىپ ئىشلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، «ئورتاقلىق» بىلەن «خاسلىق»، ۋارىسلىق قىلىش بىلەن راۋاجلىنىش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشقا دىققەت قىلىش كېرەك.

2. پۇرسەتنىڭ تەكشى بولۇشى ۋە ئىقتىدارنىڭ يېتىلدۈرۈلۈشىنى چىقىش قىلىش كېرەك.

مىللىي مائارىپ ئىشلىرىدا، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتى ۋە مائارىپ ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئەڭ كۆپ قىلغان خىزمىتى ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى باراۋەر تەلىم - تەربىيە ئېلىش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەش ۋە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ قابىلىيەت - ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشتىن ئىبارەت بولغان. مەسىلەن: قوش تىللىق مائارىپ قوشما شتاتتىكى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى، بولۇپمۇ ئىنگلىز تىلى ئىقتىدارى چەكلىك بولغان ئوقۇغۇچىلىرىغا ئىنگلىز تىلى سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىپ ئۇلارنى جەمئىيەتتىكى رىقابەتكە قاتنىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان. يەنە مەسىلەن: ئىندىئانلارنىڭ ساقلاپ قېلىنغان زېمىنلىرىدىكى يەرلىك ئامېرىكىلىقلار ئالىي مەكتەپكە كىرگەندە، شەرتنى تۆۋەنلىتىش مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس، بەلكى خىراجەتنىڭ كۆپ قىسمىنى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە ۋە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش شارائىتىنى ياخشىلاشقا ئىشلىتىش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنى مەكتەپكە كىرىش شەرتىگە يەتكۈزگەن.

(3) ئېلىمىز مىللىي مائارىپى مەخسۇس خىراجىتىدىن ئىلھام ئېلىش

1. ئېلىمىز مىللىي مائارىپىنىڭ ئېتىبار قىلىش چارىسىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى نوقۇلدۇر.

ئامېرىكىدا ھۆكۈمەت مىللىي مائارىپقا تۈرلۈك ئېتىبارلارنى قىلغاندىن سىرت، يەنە نۇرغۇنلىغان خەلق مائارىپ تەشكىلاتلىرى، خۇسۇسىي كارخانىلار، فوند جەمئىيەتلىرى قاتارلىقلارمۇ ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى ئوقۇش مۇكاپات پۇلى، ئوقۇش ياردەم پۇلى ۋە باشقا ياردەم پۇللىرى بىلەن تەمىنلەپ تۇرىدۇ. ئېلىمىزدە مىللىي مائارىپقا ئېتىبار قىلىش ئاساسەن ھۆكۈمەتنىڭ ئىشى بولۇپ، ھۆكۈمەت مەخسۇس تۈر بويىچە خىراجەت ئاجرىتىش ئارقىلىق ئۇنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ.

2. مەركەز ياردەم قىلىش، يەرلىك مائارىپ مەخسۇس خىراجىتى ئاجرىتىش ئۇسۇلىنىڭ ئومۇمىي گەۋدىلىك ئۈنۈمىنى جارى قىلدۇرۇش.

ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ مائارىپ خىراجىتى ئاساسلىقى «ئالاھىدە كىشىلەر» گىلا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ خىراجەتلەرنىڭ ھەممىسى جەمئىيەتتىكى شۇنىڭغا ھەقىقىي ئېھتىياجلىق بولغان مەلۇم بىر ئىجتىمائىي تەشكىلاتنىڭ تۈرلۈك تىرىشچانلىقلىرىنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئۇنىڭ ئىشلىتىلىش ئوبيېكتى ئىنتايىن ئېنىق، خىراجەتمۇ ئىنتايىن چىڭ باشقۇرۇلىدۇ.

ئېلىمىزنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مەركەزنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ مائارىپ مەخسۇس مەبلىغىگە ياردەم قىلىشى مەلۇم جەھەتلەردە ئورتاق مەسىلىگە دۇچ كەلمەكتە. مەسىلەن، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، تەڭشەپ ئورۇنلاشتۇرۇش، ئوقۇشسىز قېلىش نىسبىتىنى

تـوۋەنلـىتـىـش قـاتارلىقلارنى ئوخشاش تۈردىكى مەسىلە سۈپىتىدە ھەل قىلسا بولىدۇ. يەنە مەسىلەن، كەسپىي-تېخنىكا مائارىپىنى، ھازىر بار بولغان مەجبۇرىي مائارىپنى مىللىي مائارىپ بىلەن بىرلەشتۈرگەن ھالدا بىر تۇتاش نـەزەرگە ئېلىش كېرەككى، يىگى مەكتەپلەرنى كۆپلەپ سېلىش ئـارقـىلـىق مـەسـىلـىـنـى ھـەل قـىلـىـشقا رىـغبـەتلـەندۈرمـەسلـىك كېرەك (ئامېرىكىدا مەخسۇس كەسپىي- تېخنىكا مەكتەپلىرى يوق، پەقەت تولۇق ئوتتۇرا مـەكـتـەپلەردىلا كەسپىي ـ تېخنىكا دەرسلىرىنى ئۆتۈش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارغا ئۆز ئېھتىياجىغا ئاساسەن تاللاپ ئوقۇش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بەرگەن، ئەگەر ئوقۇغۇچى ئۆگىنىشنى خالىسا، مەكتەپ شۇ دەرسنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بېـرىـدۇ). قـىـسقـىسى، بۇندىن كېيىن مەركەز يەرلىككە بېـرىـلـىدىغان مەخسۇس ئاجرىتىلىدىغان ياردەم پۇلىنىڭ ئومۇمىي گەۋدە بولۇش ئۈنۈمىنى پائال جارى قىلدۇرۇپ، خىراجەتنىڭ ئىشلىتىلىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

3. مـەخـسۇس ئـاجرىـتـىلـغـان پۇل تەقسىماتىنىڭ جىددىيلىكى ۋە ئىلمىيلىكىنى ئۆستۈرۈش

ئامېرىكا «قانۇن» جەمئىيىتى بولۇپ، تۈرلۈك مەخسۇس ئاجرىتىلغان پۇللار بىردەك تۆۋەندىن يۇقىرىغىچە بولغان تۈرلۈك ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئەڭ ئـاخـىـرىدا «قانۇن» ياكى «زۇڭتۇڭ پەرمانى» شەكلى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئىشلىتىلىشى كىشىلەرنىڭ ئـىـنـتـايـىـن دىققىتىنى قوزغايدۇ. ھەر دائىم جەمئىيەتتە ئـوچـۇق- ئـاشكارا رىقابەت مەيدانىغا چىققاندىن كېيىن بېكىتىلىدۇ ھەمدە ئادەتتە مەلۇم يىل ساقلىنىپ، ئاندىن يېڭىباشتىن رىقابەتكە چۈشىدۇ ۋە بېكىتىلىدۇ.

سېلىشتۇرۇپ كۆرگىنىمىزدە، ئېلىمىزنىڭ يەرلىك مائارىپ مەخسۇس خىراجىتىگە بېرىلگەن ياردەم پۇلىنىڭ تەقسىماتىدا «خـالىغانچە ئىش كۆرۈش» ئەھۋالى ئېغىرراق بولۇپ، سۈيئىـي پـەيدا قـىلـىـنـغـان ئامىللار ئىنتايىن كۆپ. ئـوخشـاشـمـىـغـان مـەخـسۇس ئاجرىتىلغان پۇللار دائىم ئوخشاشمىغان تارماقلارنىڭ كۆپ قېتىم تالاش ـ تارتىش قىلىشى، قايتا ـ قايتا تەڭشىشى ئارقىلىق ئاندىن چۈشۈرۈپ بېرىلگەچكە، ھەر بىر ئۆلكە ئوخشاشلا ئىگە بولالايدىغان بىر «داشقـازان تـامىقى» بولۇپ، شەكلى ئۆزگەرگەن بىر خىل ياردەمگە ئايلىنىپ قالغان. بۇ خىل تەقسىمات ئۇسۇلىنىڭ كۈچكە ئـىـگە ۋاقتى ئىنتايىن تۆۋەن بولۇپ، مەخـسۇس ئاجرىتىلغان پۇلنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىلگەن. ئېلىمىزنىڭ نـۆۋەتـتـىـكـى ئەمەلىي ئەھۋالىدىن قارىغاندا، بۇندىن كېيىن ئـوچـۇق- ئـاشكارا رىقابەتلىشىش، روشەنلىك دەرىجىسىنى ئاشۇرۇش، ئىلمىي تەقسىم قىلىشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇش ھەمدە نىسپىي ھالدا بىرقانچە يىل مۇقىملاشتۇرۇش كېرەك.

(ماھنۇر ھاجى ياقۇپ تەرجىمە قىلدى)

# خارابىلىقتا ياڭرىغان كۈيلەر

## تۇرسۇنجان قاۋۇل

**مۇھەررىردىن:** پەيزاۋات ۋە ئاتۇش خەلقى يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچراپ مال ـ مۈلۈك ۋە روھىي جەھەتتىن چىدىغۇسىز زور زىيانلارغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، قەتئىي بوشاشماي ئـاپـەتكـە قارشى قەيـەرانە كۈرەش قىلماقتا. بىز «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىكى بارلىق يولداشلار ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقتىن سەممىي ھال سورايمىز. كۆڭلىمىزنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن، پەيزاۋاتتىن كەلگەن بۇ شېئىرنى تەھرىرلەپ ئېلان قىلدۇق.

*بۇ زېمىننىڭ ئىسمى پەيزى، بازىرى ئاۋات ماكان،*
*ئەلمىساقتىن داڭقى كەتكەن، سۈيى مول، يولى راۋان.*
*ئويغىنىپ تاڭ دۇمبىقىدىن، بارچە شېرىن ئويقۇدىن،*
*بەيگە سالغان ئىسلاھاتقا سەپ بولۇشۇپ دوست ـ ياران.*
*بىتۇيۇق يەر تەۋرىدى چۈشكەن كەبى كۆكتىن بالا،*
*يەر يېرىلدى، ئۆي يىقىلدى، سۇندى دەرەخلەر شۇئان.*
*نە كېرەك قالسا خارابە ئاستىدا دۇنيا يۇ مال،*
*بىئەجەل كەتكەن قېرىنداش ھازىسى باستى جاھان.*
*بەزىسىنىڭ ئاتىسى ھەم ئانىسى قوشلاپ كېتىپ،*
*قالغىنى بولدى يېتىم، ئاھ ئۇردى باقتى كۆك ئامان.*
*تەۋرىدى يەر، ئانچە ئۆتمەي ئارىدى ئەلگە خەۋەر،*
*كەلدى رەھبەر، كەلدى تۇغقان سورىشىپ تىنجلىق ـ ئامان.*
*يىقىنى قوشنا ـ قولۇم، پۈتكۈل ۋەتەن، چەت ئەلدىن ھەم.*
*يەتكۈزۈشتى پۇل ۋە مال، ئاغاردا ئۇن ھەتتاكى نان.*
*ياردەمگە كەلدى دوستلار ھەم ۋەتەن قالقانلىرى،*
*ھەممە بىردەك ئاتلىنىشتى ئاقۇزۇشتى تەرۇ- قان.*
*ئۆي ـ ماكانسىزلارغا تۇتۇلەپ جاي بىنا قىلدى يىگى،*
*بەختنى بەردى يەنە بەختى يوقالغانغا زامان.*
*«بارىكاللا!» دەپ تەشەككۈر بىلدۈرۈپ چوڭ ـ كىچىك،*
*كۈيلىدى كومپارتىيە، دەۋرىمنى بىردەك شادىمان.*
*يەنە نەچچە تەۋرىسە يەر زادى سۇنماس قەددىمىز،*
*ئەل بىلەن، جۇڭخۇا بىلەن ياشنايدۇ خەلقىمىز ھامان.*

1997 ـ يىل فېۋرال، پەيزاۋات.

(ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيىلىك پارتكوم ئىشخانىسىدا ئىشلەيدۇ)

## ھەربىر سوئالغا ھەربىر جاۋاب

**سوئال:** مەن يېقىندا مەلۇم بىر فىزىكا كىتابىدىن: بارلىق جىسىملار ئىسسىقلىقتىن كېڭىيىپ، سوغۇقلۇقتىن تارىيىدۇ، دېگەن قانۇنىيەتنى ئوقۇغانىدىم. مېنىڭ پۇتۇم ھەددىدىن زىيادە يوغان بولۇپ، بىرەر يېڭى ئاياغ سېتىۋالاي دېسەم تولىمۇ ئاۋارە بولۇپ كېتىمەن. مەنمۇ مۇشۇ فىزىكىلىق قانۇنىيەتتىن پايدىلىنىپ توڭلىتىش ئارقىلىق پۇتۇمنى كىچىكلەتسەم بولارمۇ؟

— قاغىلىق ناھىيە يىلقىچى يېزا مەدەنىيەت ئورنىدىن: تۇرسۇنجان ئەمەت

**جاۋاب:** تازا ئوبدان ئويلاپسىز. ھازىر مەھەللىڭىزنىڭ ھاۋاسى سەل يىللىپ قالغاندۇ. بۇ يىللا سىناپ بېقىش پىلانىڭىز بولسا، مۇشۇ جاۋابنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرھال يالىڭاياغ پېتى ئورۇمچىگە يۈگۈرۈپ كېلىڭ، بۇ يەرلەردە كوچىنىڭ قار ـ مۇزلىرىنى تازىلاپ تۇرساقمۇ تۈگىتەلمەيۋاتىمىز، بىرەر ھەپتە سوغۇق ھاۋادا سىناق قىلىپ مېنىڭ قېشىمغا كەلسىڭىز، كىچىكلىگەن پۇتىڭىزنى مۇبارەكلەپ 40 ـ رازمېرلىق ئاياغدىن بىرنى تەقدىم قىلىمەن.

**سوئال:** يېقىندا بىر دوستۇم ماڭا: «ئاداش، ئۆتكەندە بىر ئاياغ ئالغانىدىم، ئىككى كۈن كىيەر ـ كىيمەيلا چەمى ئاجراپ كەتتى. ھەممە نەرسە ساختىلىشىپ كەتكەن ئوخشايدۇ. ئەنسىرەپ قېلىۋاتىمەن، ئەتە ـ ئۆگۈن ئالغان خوتۇنۇممۇ يالغان چىقىپ قالارمۇ ـ قانداق؟» دەيدۇ. مەن دەماللىققا بىر نېمە دېيەلمىدىم. سىلەر بىر نېمە دەپ باقالامسىلەر؟

— شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد ئىنستىتۇتى مالىيە 92 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپتىن: ئەدھەم ئىبراھىم

**جاۋاب:** سىز ئۇنىڭغا: «ئەنسىرىمە ئاداش، خوتۇننى ھايانكەش سودىگەردىن ئالمىساڭلا، ھەرگىز يالغان چىقىپ قالمايدۇ» دەڭ.

**سوئال:** ئەسلىدە مەن ئىشچى بولماي، ئۇلۇغ بوۋىلىرىمىزنى مەدھىيىلەيدىغان، خەلقنى مەرىپەت باغچىسىغا باشلايدىغان كاتتا يازغۇچى بولۇشنى ئويلايتتىم. لېكىن تەقدىر قېرىشقاندەك مېنى دەسلەپ تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى، كېيىن بىر ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپىنىڭ ئىشچىسى قىلىپ قويدى، ئەمدى مەن قانداق قىلسام بولار؟

— خوتەن چىرا ناھىيە دامكو يېزا تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپىدىن: ئابلەت ئابابەكرى

**جاۋاب:** ئەسلىدە تەلەي قۇشى سىزگە ئۇلۇغ پرولېتارىيات يازغۇچىسى ماكسىم گوركىينى تونۇشتۇرۇپ قوياي، ئۇنىڭ تەكتىمۇ قارا ئىشچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالسۇن دېگەن نىيەتتە بېشىڭىزغا قونۇشقا تەمشىلىپ يۈرسە، سىز خاپىغان ھالەتتە «ئىشچى بولماي، مەشھۇر يازغۇچى بولاتتىم» دەپ ۋارقىرىغان ئىكەنسىز، ئۇ قۇش ھۈركۈپ كېتىپ ئاسمانغا چىقىۋاپتۇ. سىز دەرھال ئەقلىڭىزگە كۆزەينەك تاقاپ، تەلەي قۇشىنى كۆزىتىپ تېپىڭ.

**سوئال:** تەھرىر ئاكا، سىلەرنىڭ «ھەربىر سوئالغا ھەربىر جاۋاب» سەھىپەڭلەرگە ساۋاتسىز ئادەملەر ئەسەر ئەۋەتسىمۇ قوبۇل قىلامسىلەر؟

— قاغىلىق ناھىيە يىلقىچى يېزا مەدەنىيەت ئورنىدىن: تۇرسۇنجان ئەمەت

**جاۋاب:** ئەگەر «ساۋاتسىز بولسامۇ، ساۋاتسىزلىققا تەن بەرمەي، ساۋاتلىقلارغا مۇسابىقە ئېلان قىلالايمەن ھەم ھەربىر ـ چاقچاق قىلالايمەن» دېگەن جۈرئەتكە كېلىپ ھەربىر سوئالنى بىزگە يەتكۈزەلىسىلا، بىزمۇ ئاشۇنداق قەيسەر ساۋاتسىزلار بىلەن چاقچاقلىشىپ بېقىشنى خالايمىز.

**سوئال:** مەن بىر قىسىم گېزىت ـ ژۇرناللارغا خېلى كۆپ ئەسەرلەرنى ئەۋەتكەنىدىم، ھېچقايسىسىدىن ئۈچۈر ئالالمىدىم. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئەسەرلىرىم ئۇلارغا ئەرزىمىگەن بولسا كېرەك. مەن ئۆزۈمچە: «ئۆزۈم مەبلەغ سېلىپ ‹ئەرزىمەس ئەسەرلەر› دېگەن

ھەربىر سوئالغا ھەربىر جاۋاب

بىر ژۇرنال چىقىرىپ، ماڭا ئوخشاش ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلدۇرالماي ئاۋارە بولۇۋاتقانلارغا سورۇن هازىرلاپ بەرسەم بولغۇدەك» دېگەن خىيالنى قىلىپ قالدىم، سىلەرچە، شۇنداق قىلسام بولارمۇ؟

— خوتەن ۋىلايەت گۇما ناهىيە دۇۋا بازىرى لامۇس 7 ـ كەنتتىن: توختى يۇسۇپ

**جاۋاب:** سىزنىڭ پىكىر قىلىشقا ئىنتىلىش روهىڭىزغا بارىكاللا، بىراق، مۇنداق ژۇرنالنى چىقارسىڭىز، ئوقۇيدىغان ئادەمنىڭ تايىنى يوق بولۇپ قېلىشىدىن غەم قىلمامسىز؟

### «جاۋاب بېرىڭ»گە جاۋابلار

**سوئال:** دادام دائىم: «ئادەم تۇرمۇشقا قاتتىق پىششى كېرەك» دەيدۇ. مەن ئۆزۈمنى تۇرمۇشقا پىشۇرۇش ئۈچۈن داشقازاننىڭ قايناۋاتقان سۈيىگە سەكرەپلا چۈشۈپ پىشايمۇ ياكى...؟ (بۇلتۇرقى 5 ـ ساندا)

**جاۋاب:** سىز داشقازاننىڭ قايناۋاتقان سۈيىگە سەكرەپ پىششنى تۇرمۇشقا پىشىش دەپ قارىغان بولسىڭىز، مېنىڭچە سىز داشقازاننىڭ سۈيىگە سەكرەپ ئاۋارىمۇ بولۇپ يۈرمەي، جاسارەت ـ غەيرەتكە كېلىپ پولات تاۋلاش زاۋۇتىنىڭ ئېرىتىش قازىنىدا سۇيۇق هالەتكە كەلگەن پولات ئېرىتمىسىگە سەكرىسىڭىز، تېنىڭىزمۇ، جېنىڭىزمۇ — پۈتۈن ۋۇجۇدىڭىز پولاتتەك بولۇپ چىقاتتى. پاھ... نېمە تەك كېلەر سىزگە.

— قاراقاش ناهىيە قوچى يېزا باشلانغۇچ مەكتەپتىن: نەبىجان راخمان

**سوئال:** هەممە ئەمگەك، ئېغىر ـ يېنىك خىزمەتلەر ئوڭ قول ئارقىلىق بېجىرىلىدىكەن، ئەمما ئالتۇن ئۈزۈك، پارقىراق سائەت قاتارلىق قىممەت باهالىق يارىشىملىق نەرسىلەر سول قولغا تاقىلىدىكەن. بۇمۇ بىر خىل تەڭسىزلىك هېسابلىنامدۇ ـ قانداق؟ بۇ تەڭسىزلىكنى هەل قىلىپ بېرەلەمسىز؟ (بۇلتۇرقى 5 ـ ساندا)

(1) **جاۋاب:** سىزنىڭ بۇنداق يېگى تەڭسىزلىك

## هەربىر سوئالغا هەربىر جاۋاب

هەربىر سوئالغا هەربىر جاۋاب

ئۈستىدىن سالغان چۇقانىڭىز بىزنى بەكمۇ تەسىرلەندۇردى. ئەگەر سىز باشقىلارغا ئۈلگە بولۇشنى خالىسىڭىز، سول قولىڭىزغىمۇ هېچقانداق زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقىمايلا قويۇڭ. بۇنىڭغا سىز دەۋاگەر بولمىسىڭىزلا ئوڭ قولىڭىز دەۋا قىلماسقۇ دەيمەن.

— تۇرپان ۋىلايەت پىچان ناهىيىسىنىڭ لەمجىن بازار يۇقىرى مەهەللە 1 ـ كەنتتىن: ئەخمەتجان ئىمىن

(2) **جاۋاب:** سىز ئەگەر باشقىلارنىڭ سول قولىغىلا ئۇنداق قىممەت باهالىق زىننەت بۇيۇملىرىنى سېلىۋالغانلىقنى تەڭسىزلىك دەپ قارىسىڭىز، سىز ئۇ زىننەت بۇيۇملىرىنى سول قولىڭىزغىمۇ، ئوڭ قولىڭىزغىمۇ سېلىۋېلىڭ، ئۆزىڭىزدە «تەڭسىزلىك»نى تۈگىتىپ، ئادىللىقنى دەسلەپكى قەدەمدە رېئاللىققا ئايلاندۇرغان تۇنجى شەخس بولۇپ قالغايسىز.

— خوتەن دارىلمۇئەللىمىن 1995 ـ يىللىق لابورانت سىنىپتىن: مەتساۋۇر

### جاۋاب بېرىڭ؟

**سوئال:** مەن دەم ئېلىش كۈنلىرىدە ئانامغا ياردەملىشىپ ئۇنىڭغا پۇت ـ قول بولىمەن. بۇنداق ۋاقىتلاردا ئانام مېنىڭ ئازراق جاپا تارتقىنىمنى كۆرۈپ: «جېنىم بالام قولىڭىزدىن قىزىل گۈل ئۈنسۇن» دەپ رەهمەت ئېيتىدۇ. بۇ ئىشلار تەكرار ـ تەكرار بولدى. لېكىن قولۇمدىن قىزىل گۈل ئۈنۈپ چىقمىدى. «قولۇمدىن قىزىل گۈل ئۈنۈپ چىقسا قانداق قىلارمەن» دېگەن خىياللار كاللامنى قوچۇپ بەك ئارىسالدى بولۇپ قالدىم. ئەگەر «قولۇمدىن قىزىل گۈل ئۈنۈپ چىقسا» مەن بەك جاپا تارتىپ قالامدىمەن؟ قانداق قىلسام بولار؟

— خوتەن ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىن 1996 ـ يىللىق خەنزۇ تىلى 1 ـ سىنىپتىن: توختى

(مەزكۇر سەهىپىنى ياسىن هاۋازى تەييارلىدى)

# كۈلكە خۇرۇچلىرى

## كاللىسى جايىدا ئەمەس

شىركەت خوجايىنى بىر خىزمەتچى خادىم ياللىماقچى بولغاندا، بىر ياش خىزمەت ئىزدەپ كەلگەنىكەن. خوجايىن ئۇنىڭ كاللىسىنىڭ تازا جايىدا ئەمەسلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭدىن بىرقانچە سوئال سوراپتۇ:

— دادىڭىز ھاياتمۇ؟

— ياق، ئۇ ئۆلۈپ كەتكەن.

— قانداق ئۆلۈپ كەتكەن؟

— دادام ئىرۇسالىمغا بارغاندىن كېيىن قازا قىلىپ كەتكەن ۋە شۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان.

— دادىڭىز ئىرۇسالىمغا نەچچە قېتىم بارغان؟

— ئىككى قېتىم.

خوجايىن بۇنى ئاڭلاپ، يىگىتنىڭ كاللىسىنىڭ جايىدا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ناھايىتى خۇشال بولغان ھالدا يەنە ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— دادىڭىز ئىرۇسالىمغا قانچىنچى قېتىم بارغاندا ئۆلۈپ كەتكەن؟

يىگىت سەل ئېڭىشىپ تۇرۇپ بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن:

— بىرىنچى قېتىم بارغاندا ئۆلۈپ كەتتىمۇ ياكى ئىككىنچى قېتىم بارغاندا ئۆلۈپ كەتتىمۇ، تازا ئېسىمدە قالماپتۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## ئاغزى يوغىناپ كېتىدىكەن

ئا: ئاجايىپ ئىش. ئادەم قېرىغانسېرى ئاغزى يوغىناپ كېتىدىكەن.

ب: مۇمكىن ئەمەس.

ئا: نېمىشقا مۇمكىن ئەمەس، بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا سىلەرنىڭ بۇ يەردە مانتا يېگەندە بىر مانتىنى ئۈچ قېتىم چىشلەپ يەپ بولغىلى بولاتتى. ئەمما ھازىر بىر چىشلەپلا يەپ بولغىلى بولىدىكەن.

ب: ھە!

## مېكىيان شۇنداق قىلالامدۇ؟

بىر پەس تالاش-تارتىشتىن كېيىن، يازغۇچى ئاشپەزگە قاراپ مۇنداق دەپتۇ:

— سەن يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ باقمىغان، شۇڭا، بۇ كىتابنى تەنقىدلەش ھوقۇقۇڭ يوق.

ئاشپەز ئۇ كىشىنىڭ سۆزىگە جاۋابەن مۇنداق دەپتۇ:

— شۇنداقمۇ ئىش بولامدۇ؟ مەن ئۆمرۈمدە تۇخۇم تۇغۇپ باققان ئەمەس، لېكىن مەن تۇخۇمنىڭ تەمىنى تېتىپ تۇرالايمەن، مېكىيان شۇنداق قىلالامدۇ؟

## پەتنۇسقا قويۇلغان

بىر ئادەم ئالىي دەرىجىلىك مېھمانخانىدا بىر ھەپتە تۇرۇپتۇ. ئۇ ھەر كۈنى كوتكوچىگە تاپان ھەققى بېرىۋېرىپ زېرىكىپتۇ. بۇ چاغدا تۇيۇقسىز بىرسى ئىشىكنى چېكىپتۇ.

— ئەپەندىم، سىزنىڭ تېلېگراممىڭىز.

— ئىشىك تېگىدىنلا كىرگۈزۈۋېتىڭ.

— بولمايدۇ، ئەپەندىم.

— نېمىشقا بولمايدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇ تاقەتسىزلىك بىلەن.

— چۈنكى، — دەپتۇ تاپان ھەققى ئېلىش ئېسىگە كەلگەن كوتكوچى جاۋاب بېرىپ، — تېلېگرامما پەتنۇسقا قويۇلغان.

## خېلى كۆپ ئىكەن

خېرىدار: ئاشخاناڭلارنىڭ گۆرۈچ تامىقىنىڭ تۈرى خېلى كۆپ ۋە يامان ئەمەسكەن.

كوتكوچى: بىر خىللىغۇ؟

خېرىدار: ياق، خام، پىششىق، يەنە يېرىم خام، يېرىم پىششىقلىرى بار ئىكەن. ١

## قابىلىيىتىگە قاراپ ئىشلىتىش

بىر پېشقەدەم ئىشچىنىڭ ئاڭلاش ئىقتىدارى بارغانسېرى ئاجىزلاپ كەتكەنلىكتىن، ئۇ دىرېكتورنىڭ ئالدىغا كىرىپ دۇدۇقلىغان ھالدا:

— دىرېكتور ئەپەندىم، مەن خېرىدارلارنىڭ ماڭا نېمە دېگەنلىكىنى ئېنىق ئاڭقىرالمىغانلىقتىن، ئۆزۈمنىڭ پات يېقىندا خىزمەتتىن بوشىتىۋېتىلىدىغانلىقىمنى ھېس قىلىپ قالدىم، — دەپتۇ.

— تولا ئەندىشە قىلماي خاتىرجەم خىزمەت قىلىۋەر، مەن سېنى خېرىدارلارنىڭ پىكىر بېرىش ئورنىغا يۆتكىمەكچى بولۇۋاتىمەن — دەپ جاۋاب بەردى دىرېكتور.

كۈلكە خۇرۇچلىرى

# تۈرك خەلق لەتىپىلىرىدىن ئۈچ پارچە

## داۋالاش ھەققى

يېزىلىق مەستان ئاغا كېسەل ئىكەن. شەھەرگە كىرىپ بىر دوختۇرغا كۆرۈنۈپتۇ. دوختۇر كېسەلنى تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن:

— تىنىڭ، تېخىمۇ قاتتىقراق تىنىڭ، تېخىمۇ قاتتىقراق، — دەپتۇ.

مەستان ئاغا دوختۇرنىڭ دېگىنى بويىچە قىپتۇ. بۇ بىرقانچە قېتىم داۋاملىشىپتۇ.

دوختۇر:

— ئەمدى ياخشى بولدىڭىز، داۋالاش ھەققى 500 لىرا، — دەپتۇ.

مەستان ئاغا يانچۇقىدىن 500 لىرا چىقىرىپ دوختۇرنىڭ بۇرنىغا تەگلەپ، پۇلنى شاراقلىتىپ:

— پۇراڭ، قاتتىق پۇراڭ... توگىدى، داۋالاش ھەققىڭىزنى ئېلىپ بولدىڭىز، — دەپتۇ.

## ۋەز

ئىمام ئۆيىگە ناھايىتى ھارغىن ۋە سولاشقان ھالدا قايتىپتۇ. قوشناچىم ئەنسىرىگىنىچە:

— جامەدە قانداق ۋەز ئوقۇدىلا، بۇ قەدەر ھارغىدەك، — دەپ سوراپتۇ.

ئىمام بىر ئاز دېمىنى ئېلىۋېلىپ:

— بايلارنىڭ يوقسۇللارغا خەير- ساخاۋەت قىلىشى دىنىي بۇرچ ئىكەنلىكى ھەققىدە ۋەز ئوقۇدۇم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— جامائەتنى قايىل قىلالىدىلىمۇ؟— دەپ سوراپتۇ قوشناچىم.

ئىمام بىر ئۇھ تارتىۋېتىپ:

— ئىشقىلىپ يېرىم، يېرىمىنى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— يېرىم، يېرىمىنى دېگەنلىرى نېمىسى؟ — دەپ سوراپتۇ قوشناچىم.

— پەقەت، يوقسۇللارلا قايىل بولدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئىمام.

## ۋا ھ، ۋا ھ...

بىر ئادەم ئۆلۈپ قالغان ئىتى ئۈچۈن ناماز چۈشەرگۈزۈپتۇ. بۇنىڭغا مەھەللە ئادەملىرىنىڭ ناھايىتى غەزىپى كەپتۇ. ئۇلار تۇشمۇتۇشتىن قازىنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— دىنىمىز بۇزۇلۇۋاتىدۇ. بىر كاپىر ئۆلگەن ئىتى ئۈچۈن ناماز قىلدۇردى، — دەپ شىكايەت قىلىشىپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان قازىمۇ ئىنتايىن غەزەپكە كېلىپ:

— تېز كەلتۈرۈڭلار ئۇ ئىمانسىزنى، — دەپتۇ.

جامائەت ھېلىقى ئادەمنى پۇت- قولىنى يەرگە تەگكۈزمەي، قازىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ. قازىنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ ئۇنى قار- يامغۇر تىللاشقا باشلاپتۇ:

— هوي ئەسلىنى ئۇنۇتقان دىنسىز، ھەي ئىمانسىز، هوي كاپىر! سەن ئۆلگەن ئىتىڭ ئۈچۈن ناماز قىلدۇرۇپسەن! سېنىڭ بېشىڭنى تېنىڭدىن جۇدا قىلىش كېرەك...

ھېلىقى ئادەم ناھايىتى سىپايىلىق بىلەن:

— قازى ھەزرەتلىرى، ئىجازەت قىلسىڭىز، بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى دېسەم... — دەپتۇ.

— دەيدىغان نېمىسى بار بۇ ئىشنىڭ؟

— قازى ئاخۇنۇم، مېنىڭ رەھمەتلىك ئىتىم سىز بىلگەن ئىتلاردىن ئەمەس ئىدى. بۇ ئادەمگە ئوخشاش ئەقىل- ئىدراكقا ئىگە ئىدى. ھەي، ئادەملەردەك سۆزلەيتتى- دە، بىچارە... ئۇنىڭ تىنىقى توختاشتىن بۇرۇن «مىراسىمدىن 100 تىللانى قازى ھەزرەتلىرىگە قالدۇرىمەن» دەپ ۋەسىيەت قىلغانىدى، — دەپتۇ.

قازى بۇ گەپنى ئاڭلاش بىلەن دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپتۇ- دە:

— شۇنداقمۇ ۋاھ، ۋاھ... رەھمەتلىك نېمە كېسەلگە مۇپتىلا بولغانىدى، — دەپتۇ.

(«تۈرك خەلق مەسەل ۋە لەتىپىلىرى» دېگەن كىتابچىدىن ئېلىندى)

كۈلكە خۇرۇچلىرى

كۈلكە خۇرۇچلىرى

# ئۈچ باسقۇچلۇق نەتىجە

(مىكرو ھېكايە)

مۇختار قادىر

**مۇقەددىمە**

ئابدۇرېشىت، بۇ يىل 35 ياش، ئۇيغۇر، ئالىي تېخنىكۇم مەلۇماتىغا ئىگە. خىزمەتكە چىققىلى خېلى بولغان بولسىمۇ، باشلىق بولۇش ئارزۇسىغا يېتەلمىگەن. ئەمما دائىم باشلىق بولۇپ چۈش كۆرىدۇ.

1

ئاسفالت يولغا سۇ كىرىپ كەتكەنىدى، يار ئېلىپ كەتكەن جايىنى ھېچقانچە كۆچمەيلا ئېتىۋەتكىلى بولاتتى. لېكىن ئۇ قوشۇمىسىنى بىرلا تۈرۈپ، ۋېلسىپىتىنى ئارقىغا ياندۇردى، ياندۇردى-يۇ، ئىزىدا تۇرۇپ قېلىپ، پىسىڭگىدە كۈلۈپ سالدى. چۈنكى بۇ ياققا باشلىقنىڭ پىكاپى كېلىۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ۋېلسىپىتنى توختىتىپ قويۇپ، يار ئېلىپ كەتكەن جايغا ھېچ ئىككىلەنمەستىن ئېتىلدى ۋە قولىنى گۈرجەك قىلىپ توپا تاشلاشقا باشلىدى.

باشلىقنىڭ پىكاپى چىپپىدە توختىغاندا، ئۇنىڭ كىيىمى لاي بولۇپ بولغانىدى. باشلىق ئاتايىن ماشىنىسىدىن چۈشۈپ، قولىنى ئۇزاتتى ۋە مەمنۇنىيەت بىلەن:

— ياخشى قىلدىڭىز يىگىت، كادىر دېگەن مۇشۇنداق بولۇشى كېرەك، — دېدى.

2

ئۇ پارتىيىگە ئۆتكەندىن كېيىن، ياخشى ئىش قىلىش پەيتىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتاتتى. بۇ ئۇنىڭ ياخشى ئىش تاپالمىغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ياخشى پۇرسەت تاپالمىغانلىقىدىن ئىدى. شۇ سەۋەبتىن، ئىدارىدىكىلەر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھەيكىلىنى ياساشقا، قارامايدىكى ئوت ئاپىتىگە ۋە پەيزاۋاتتىكى يەر تەۋرەشكە ئىئانە توپلىغاندا، ئۇ يانچۇقىدىن پۇل چىقىرىش پۇرسىتىنى تاپالمىدى. مانا ئەمدى يەنە بىر ئىئانە توپلاش بولۇۋىدى، ئۇ سەھنىگە ئالدىراپ چىقىپ، قىزىل ساندۇققا بىراقلا 500 يۈەن تاشلىدى.

— ھەقىقىي پارتىيە ئەزاسىغا لايىق ئىش قىلدى، — دېدى سەھنىدە ئولتۇرغان باشلىق خۇشال بولۇپ، — يولداش ئابدۇرېشىت ئىچكىرىدىكى سۇ ئاپىتىگە ئۇچرىغانلارغا قېرىنداشلىق مېھرىنى ئاتا قىلدى.

3

يول ئېغىزىغا كىشىلەر توپلىشىۋالغانىدى. قاتناش ھادىسىسى يۈز بېرىپ، ھارۋا پاچاقلىنىپ كەتكەن. ھارۋىغا قېتىلغان ئېشەك سۇنايلىنىپ، ئۇنىڭ كۆكتاتچى ئىگىسى ئىڭراپ ياتاتتى. ئابدۇرېشىت كىشىلەر توپى ئىچىدە بار بولسىمۇ، نېمە ئۈچۈندۇر تاماشا كۆرۈپلا تۇردى. شۇ تاپتا، شۈبھىسىزكى كۆكتاتچىنى ئادەملەر دوختۇرخانىغا، ئېشەكنى مال دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىشى كېرەك ئىدى. دەل شۇ چاغدا ساقچى ماشىنىسى يېتىپ كەلدى. ئارقىدىنلا ھەشەمەتلىك بىر پىكاپ ئۆلىشىپ كېلىپ توختىۋىدى، ئۇنىڭ كۆزنىكىدىن باشلىقنىڭ بېشى كۆرۈندى. ئابدۇرېشىت بىردىنلا ئېسىگە كېلىپ، كۆكتاتچىنى يۆلەشكە ماڭدى ۋە ئۇنى ساقچىلارنىڭ يۆلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ دەررۇ ئېشەك تەرەپكە بۇرۇلدى. ئۇ ئېشەكنىڭ چۈلۋۇر ـ بەلباغلىرىنى يېشىۋەتكەندىن كېيىن، «ياپىر» دېگىنىچە دەس كۆتۈرۈپ مۈرىسىگە ئالدى، ئاندىن ئۇدۇل مال دوختۇرخانىسىغا يۈرۈپ كەتتى...

ئابدۇرېشىتنى تونۇمايدىغانلار «توۋا» دەپ ياقىسىنى چىشلەشتى؛ ئابدۇرېشىتنى تونۇيدىغانلار بۇ ئىشقا ھەيران قالمىدى، بەلكى ئۇلار «ئۇ ھەقىقەتەن پەيتنى تۇتۇشنى بىلىدۇ» دەپ غۇلغۇلا قىلىشتى.

يېقىندىن بۇيان، كىشىلەر ئارىسىدا ئابدۇرېشىت ئىدارىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلەرمىش دېگەندەك مىش ـ مىش پاراڭلار تارقالدى.

× (ئاپتور: پوسكام نېفىت بازىسى 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىشلەيدۇ)

# ئۆمۈچۈكنىڭ ھەسەتخورلۇقى

(مەسەل)

ئابلىمىت ئاقىيولى

چەرەندىلەر ئالىمىدە مەنسۇپ ئاشۇ كىچىككىنە رەزگى ئۆمۈچۈكنى سەل چاغلىماڭ. ئۇ ھەسەتخورلۇقتا پۈتكۈل جانلىقلار دۇنياسىغا تېپ بولالايدىغان رەزىل مەخلۇق. ئۇنىڭ ھەسەتخورلۇقى سۈيىقەست ۋە قاتىللىق دەرىجىسىگە يەتكەن.

* * *

ئۆمۈچۈك ئۆمىلىگۈچىلەر تۈرىدىن بولغاچقا، ئۇنىڭغا ئۇچۇش نېسىپ بولماپتىكەن. شۇڭا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇچالمايدىغانلىقىدىن تولىمۇ ئەپسۇسلىنىپ، قاتتىق ھەسرەت چېكىدىكەن. ئەگەر، كۆز ئالدىدىن بىرەر ئۇچار قانات ئۇچۇپ ئۆتۈپ قالسا، ئۇ مىت قىلماي زەڭ سېلىپ قاراپ كېتىدىكەن. ئۇچۇش ئىشتىياقى ئۇنى ئۇچۇشنى ئۆگىنىشكە ئۈندەپتۇ. ئۇ دەسلەپىدە، كۆكتاتلارنىڭ ئۇستىگە يامىشىپ چىقىپ، ئۇ شاختىن - بۇ شاخقا سەكرەپتۇ. ئارىلىق ئۇزۇن كەپقېلىپ يىقىلىپ چۈشەي دېگەندە، تۇرچىقىرىش ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇۋاپتۇ. ئۇ بۇنداق مەشقنى جاپاغا چىداپ ئۇزاققىچە داۋاملاشتۇرۇپتۇ. بىراق، قانىتى بولمىغاچقا، ھەرقانچە جاپاغا چىداپ مەشق قىلسىمۇ، بەرىبىر مۇۋەپپەقىيەت قازىنالماپتۇ. نەتىجىدە، ئۇ ئىچ پۇشۇقى تارتىپ ئېلىشىپ قېلىشقا تاسلا قاپتۇ. ئۆزى ئەمەس، ئۆزگىلەر ئۇچقانغا ئىچى قايناپ چىدىيالماي، تالاي كېچىلەرنى زەردىگۈشلۈك ئىچىدە ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزۈپتۇ. ئاخىردا، ئۇ: «ئۆزۈم ئۇچالماي باشقىلارنىڭ ئۇچۇشىغا قاراپ ئازاب تارتقاندىن، باشقا ئۇچالايدىغانلارنىمۇ ئۇچالماس قىلىۋېتىپ يۇخادىن چىقمامدىم» دېگەن ئويغا كەپتۇ - دە، ھەدەپ تور چىقىرىپ، ئىمكانىيىتى بارلىكى جايلارغا تۇزاق قۇرۇپتۇ. نەتىجىدە، چىۋىن، ھەرە، كېپىنەك، يىڭناغۇچقا ئوخشاش ئۇچار قانات ھاشاراتلار بىر - بىرلەپ ئۆمۈچۈكنىڭ تورىغا ئىلىنىپ، تۈركۈم - تۈركۈملەپ ھالاك بولۇۋېرىپتۇ.

باشقىلارنى تۇزىقىغا ئىلىندۇرغىنى بىلەن ئۆمۈچۈكنىڭ ئۆزىمۇ ھېچ خۇۋلۇق كۆرمەپتۇ: ئۇنىڭ تالا - تۈزگە يايغان تورلىرى شامالدا ئۇچۇپ تۈزۈپ تۈگەپتۇ؛ تام - تورۇسلاردىكىسىنى كىشىلەر سۈپۈرۈپ - تازىلاپ، دورا چېچىپ يوقىتىپتۇ. دېمەك، ئۇچالايدىغانلارغا ھەسەت قىلىپ ئارامىلىق بەرمىگەن ئۆمۈچۈكنىڭ ئۆزىمۇ ئارام تاپالماپتۇ.

كىشىلەر ئۆمۈچۈكنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىسىنى «ئۆمۈچۈك ئۇچالمايدۇ، ئۇچقاننى كۆرەلمەيدۇ» دېگەن تەمسىلگە يىغىنچاقلاپ، ئۇنى ئىچى تار، ھەسەتخورلارنىڭ سىمۋولىغا ئايلاندۇرۇۋېلىشى ئەنە شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

(ئاپتور: كورلا شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇت پارتكومىدا)

# 民族团结

国家民族事务委员会主办

（用汉、蒙古、维吾尔、哈萨克、朝鲜文出版）

出版／民族团结杂志社

社长、总编辑
李金池（苗族）
副社长、副总编辑
刘金锁（蒙古族）
副总编辑
聂文华
伊德里斯·巴拉提
（维吾尔族）
副社长
张德安（蒙古族）

（维吾尔文版）
（总第52期）
编辑：民族团结杂志社维文室
●主编
伊德里斯·巴拉提
●副主编
亚森·阿瓦孜
●值班编辑
哈米提·尼格麦提
凯赛尔·艾尔肯

地址：新疆乌鲁木齐市和平南路204号2号楼D单元
邮政编码：830001
印刷：新疆日报社印刷厂
发行：乌鲁木齐邮局
订阅：全国各地邮局
全国统一刊号：CN—1557
邮政发行代号：58—117
出版日期：1997年5月15日


# 1997年第三期要目


●本刊特稿

邓小平："民族团结很要紧"——深切怀念敬爱的邓小平同志……

●高层访谈

在社会主义精神文明建设中不断促进民族团结进步……………………………………………………国家民委常务副主任　陈虹

●焦点报道　新年备忘——'97民族热点观察

行走在'97风景线上　——学者访谈：'97中国少数民族社会经济发展预测……………………………本刊记者　郑茜

●特别观察：关注中西部

民族贸易——不可放弃的事业……………………扬德颖

●说说我的民族

不要让希望之光变得灰暗………………穆罕默德·热合曼

●思考与研究

提高民族素质父母也有责任……………热米拉·阿布都热衣木

●展望世界

美国见闻录……………………………伊德里斯·巴拉提

●民族大视野

达瓦孜挑战者面临挑战——阿迪力跨越长江三峡困难重重………………………………………王伯瑜　黎大东

●民族与自治地方

羌族及其自治地方……………………………………

●纪念《民族团结》杂志维文版出刊50期专页

《民族团结》杂志在我心目中的地位……………………………………吾布利哈斯木·买提尼亚孜

●眺望香江

我所认识的香港民族问题……………………陈佳荣

●百年树人

中美民族教育比较……………………………殷路长

●花坛

三段效应（微型小说）……………木合塔尔·卡德尔

寓言……………………………阿布利米提·阿克尤里

●画页

封面：敬爱的邓小平同志永远活在各族人民心中……………

封二：中国少数民族英才录：司马义·艾买提…………巴义尔摄

封三：跨世纪人才的摇篮……………………………

封底：饰·羌族……………………………………

## ئەسىر ھالقىيدىغان ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ بۆشۈكى

—— يۈننەن ئۆلكىسىدىكى مىللىي ئوتتۇرا تېخنىكومنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش



ئۇلار مۇشۇ يەردىن جەمئىيەتكە چىقىدۇ.



دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمائىل ئەھمەد يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا مىللىي ئوتتۇرا تېخنىكومدىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنى يوقلىدى.



ئىستىپاقلىشىپ تىرىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان رەھبەرلىك بەنزىسى



ياش مەكتەپ مۇدىرى ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىللە سىياسىي خەۋەرلەرنى ئۆگەنمەكتە.



ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى كومپيۇتېر مەشغۇلاتلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىپ، زامانىۋى

# چياڭزۇلارنىڭ يېڭى كىيىمى









چياڭزۇ مىللىتى ئاساسەن
سىچۇەن ئۆلكىسىنىڭ ئابا زاڭزۇ -
چياڭزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ
ۋېنچۇەن، قاراسۇ، سۇڭپەن ۋە
گەنزى زاڭزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ
دەنبا، مېيەنيالڭ شەھىرىنىڭ
بېيچۇەن قاتارلىق ناھىيىلىرىدە
ئولتۇراقلاشقان.

《民族团结》维吾尔文版（双月刊） «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» (قوش ئايلىق ژۇرنال)
国际标准刊号 ISSN 1002—9184 خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى
全国统一刊号 CN11—1557 مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى
定价 2.00元 باھاسى 2.00 يۈەن 邮发代号 58—117 پوچتا ۋەكالەت نومۇرى 58—117